# بانكىدىكى پۇلدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەپچىل چارىلىرى

## پۇقرالارنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش بىلىملىرىدىن سوئال - جاۋابلار



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

# بانكىدىكى پۇلدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەپچىل چارىلىرى

—— پۇقرالارنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش بىلىملىرىدىن سوئال - جاۋابلار

تۈزگۈچى: كېرىمجان ئابلىز

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

有效利用融资的技巧：维吾尔文/克力木江・阿不力孜编．—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2010.10
ISBN 978-7-5466-0503-6

Ⅰ.①有... Ⅱ.①克... Ⅲ.①融资—研究—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①F830.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010) 第 203978 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل مۇھەررىرى:
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇنگۇل قاسىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

**بانكىدىكى پۇلدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەپچىل چارىلىرى**
— پۇقرالارنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش بىلىملىرىدىن سوئال - جاۋابلار

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھىرى لۇڭيېدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6.125
2010 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىلى 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN 978-7-5466-0503-6
**باھاسى: 18.00 يۈەن**

# كىرىش سۆز

ئىناۋەت ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇل تېشىدۇر. ئىجتىما-
ئىي ئىناۋەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېما
قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىناۋەت خاتىرىلەش بولسا كەسپلەشكەن،
مۇستەقىل ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتىنىڭ كارخانا ۋە شەخسلەر توغرى-
سىدىكى ئىناۋەت ئۇچۇرىنى قانۇن بويىچە يىغىشى، توپلىشى، رەتلىشى
ھەمدە ئىناۋەت ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەپ بېرىش جەريانىدىكى مۇلازى-
مەت پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ
كونكرېت رولى بولسا، كارخانا ۋە شەخسلەر ئۈچۈن ئىناۋەت ئارخىپى
تۇرغۇزۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىناۋەت بايلىقىنى يىغىشىغا ياردەم بېرىپ،
ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايون بوشلۇقىنى كېڭەي-
تىدۇ. ئۇنۇملۇك ئۇچۇر يەتكۈزۈش سۈپىتى بىلەن تەمىنلەپ، كرېدىت
مۇئامىلە پائالىيىتىدە ئۇچۇرنىڭ ئۆزئارا مۇتاناسىپ بولۇپ قېلىش مە-
سىلىسىنى يەڭگىللىتىدۇ. ۋەدىسىدە تۇرغانلارنى مۇكاپاتلاپ، ۋەدىسىگە
ئەمەل قىلمىغانلارنى جازالايدىغان ئىچكى مېخانىزم قۇرۇپ، كىشىلەرنى
ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ، كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە
يېتەكلەپ، ئىجتىمائىي ئىناۋەت مۇھىتىنى ياخشىلايدۇ. ساغلام بولغان
ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقى
بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام ئايلىنىشى ۋە پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ يۈز-
لەنگەن ياكى يۈزلەنمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىغا ئاسا-
سەن، جۇڭگو خەلق بانكىسى 2006-يىلى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە
كەلگەن كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى

تەشكىللەپ قۇردى. 2007-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 13 مىليوندىن ئارتۇق كارخانا ۋە 600 مىليونغا يېقىن ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئارخىپىنى ئايرىم-ئايرىم تۇرغۇزدى. ھازىر سودا بانكىسى قەرز ئېلىپ ئۆي-مۈلۈك، ئاپتوموبىل سېتىۋالىدىغان ياكى ئىناۋەت كارتىسىنى ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ ئىناۋەت ئارخىپىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ، يەنى ئىناۋەت دوكلاتىنى كۆرۈپ، ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ تەتبىقلىنىشى خىزمەت ئىزدەش، ئۆي ئىجارە ئېلىش قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ ساھەگە كېڭىيىپ، تەدرىجىي ھالدا ھەر بىر شەخسنىڭ «ئىقتىسادىي كىملىك»ىگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە بارغانسېرى سىڭىپ كىردى. ئىناۋەت خاتىرىسى ياخشى ئادەملەر ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىشتىن كەلگەن تۈرلۈك قولايلىقلارنىڭ تەمىنى ھەقىقەتەن تېتىدى.

ئۇنداقتا، ئىناۋەت خاتىرىلەش زادى قانداق ئىش، ئۇچۇر بايلىقىنى قانداق يىغىش كېرەك، سەلبىي خاتىرە پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ قانداق ئالدىنى ئېلىش كېرەك، شەخسلەر كۈندىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا قايسى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك، سەلبىي خاتىرە پەيدا بولغاندىن كېيىن، قايسى ئۇسۇللارنى قوللانغاندا ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە قولىڭىزدىكى كىتاب سىزگە ئومۇميۈزلۈك جاۋاب بېرىدۇ. ئىناۋەت خاتىرىلەشنى چۈشىنىپ، زۆرۈر بىلىم ۋە تېخنىكا ئىقتىدارىنى ئىگىلەپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى قوغداپ، ھازىرقى زامان ئىناۋەت مۇلازىمىتىدىن تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەتلىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ كىتاب جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇ نىڭنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى بايانلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىغا

قويغان مول بىلىم ۋە بانكا ئىناۋەت مۇئامىلىسىدە ھازىر دۇنيادا يۈرگۈ-
زۈلۈۋاتقان تەرتىپ، تېخنىكىلار بىرقەدەر كەڭ، ئومۇمىيۈزلۈك تونۇش-
تۇرۇلغان، يەنى بۇ كىتابتا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى ئىناۋەتنى قانداق
تىكلەشنىڭ ئومۇمىي بايانى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، پۇل مۇئامىلە
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، كەڭ مۇئامىلىدارلارنىڭ قوللىنىشىغا
تولىمۇ باب كېلىدۇ. بۇ كىتاب يەنە مۇشۇ ھەقتە ئۇيغۇر تىلىدا قوللانما
يوق بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن
بۇ كىتابنىڭ سىزنىڭ ۋە ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ ئورتاق تەرەققىي قى-
لىشىدىكى قوللانما بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

تۈزگۈچىدىن
2008-يىلى 4-ئاي

# مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسىم شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش ······················ 1

1. ئىناۋەت خاتىرىلەش دېگەن نېمە؟ ······················ 2

2. نېمە ئۈچۈن ئىناۋەت خاتىرىلىنىدۇ؟ ·················· 2

3. ئىناۋەت خاتىرىلەشتىكى «خاتىرىلەش» دېگەن نېمە؟ ··· 4

4. ئىناۋەت خاتىرىسىنى «كىم» يىغىدۇ؟ ················ 5

5. سەمىمىي بولۇش، ئىناۋەت، ئىناۋەت خاتىرىلەش بىر ئىشمۇ؟ ································ 6

6. ئىناۋەت خاتىرىسى ئۇچۇرى قەيەردىن كېلىدۇ؟ ········· 8

7. نېمە ئۈچۈن شەخسلەرنىڭ ئۆزىدىن ئۇچۇر يىغمايدۇ؟ ································ 8

8. ئىجابىي ئۇچۇر دېگەن نېمە؟ ························ 9

9. سەلبىي ئۇچۇر دېگەن نېمە؟ ························ 10

10. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى دېگەن نېمە؟ ········· 11

11. نېمە ئۈچۈن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى شەخسلەرنىڭ «ئىقتىسادىي كىملىكى» دەيمىز؟ ················· 12

12. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدە قانداق ھوقۇقى بار؟ ································ 13

13. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدە قانداق مەجبۇرىيىتى بار؟ ···························· 14

14. باشقىلار ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى خالىغانچە كۆرسە بولامدۇ؟ ································ 15

15. نېمە ئۈچۈن ئىناۋەت خاتىرىلەشنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش كېرەك؟ ···························· 16

16. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى سىزنى قايسى مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ؟ ························ 18

17. شەخسلەرنىڭ ئىناۋىتىنى باھالاش دېگەن نېمە؟ ······ 18

18. نېمە ئۈچۈن ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ باھالاپ قوي-
غان نومۇرى بىلەن بانكىنىڭ قويغان نومۇرى ئوخشاش
بولمايدۇ؟ ........................................ 19
19. چەت ئەللەردە ئىناۋەت خاتىرىلەش بارمۇ؟ ............ 20
20. چەت ئەللەردىكى ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ قانداق يېڭى تە-
رەققىيات يۈزلىنىشى بار؟ ........................ 21
21. ئۈچۈر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىناۋەت خاتىرىلەشكە
قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ........................ 23
**ئىككىنچى قىسىم ئىناۋەت خاتىرىلەش سىز بىلەن بىللە** ......... 25
22. دۆلىتىمىزدە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمى-
سىنى قۇرۇش نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولدى؟ ......... 25
23. دۆلىتىمىزدە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېما
قۇرۇلۇشى قانداق ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى؟ ...... 27
24. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى دېگەن
نېمە؟ ................................................ 29
25. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ قانداق
ئالاھىدىلىكى بار؟ ................................ 30
26. نېمە ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە مەركەزلىك، بىرلىككە كەل-
گەن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇ-
رۇلىدۇ؟ ............................................ 31
17. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى نېمە
ئۈچۈن كۆپچىلىك بىللە قۇرىدۇ؟ .................. 33
28. نېمە ئۈچۈن شەخسىي ئۇچۇرىڭىزنى يىغىشتا قوشۇلۇشى-
ڭىزغا ئېرىشىش ھاجەتسىز بولىدۇ؟ ................ 34
29. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قايسى
ئۇچۇرنى يىغىدۇ؟ .................................. 35
30. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قايسى
قەرز ئۇچۇرىنى يىغىدۇ؟ .......................... 36
31. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قايسى

ئىناۋەت كارتىسىنىڭ ئۇچۇرىنى يىغىدۇ؟ ............ 36
32. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى دۆلەتنىڭ
ئوقۇش ياردەم قەرز ئۇچۇرىنى يىغامدۇ؟ ............ 37
33. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قانچاندىن
باشلاپ كىرىدىت ئۇچۇرىنى يىغىشقا باشلىدى؟ ...... 37
34. نېمە ئۇچۇن مىنىڭ ساقىت بولۇپ قالغان كىرىدىت ئۇچۇ-
رۇمنى يەنە يىغىدۇ؟ .............................. 38
35. «باشقىلارنىڭ قەرز ئېلىشىغا كېپىل بولۇش» ئۇچۇرى
نېمىشقا يىغىلىدۇ؟ .............................. 38
36. تېلېگراف قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلار چىقىمىنى تۆلەش ئۇ-
چۇرى نېمە ئۇچۇن يىغىلىدۇ؟ .................... 39
37. كىشىلەرنىڭ قايسى تېلېگراف ھەققىنى تۆلىگەنلىك ئۇچۇ-
رى يىغىلىدۇ؟ .............................. 40
38. ماجىرا تۇپەيلىدىن ھەق تۆلەشنى رەت قىلىشتىن
كېلىپ چىققان ھەقنى قەرز قىلغان ئۇچۇر نېمە ئۇچۇن
يىغىلىدۇ؟ .............................. 41
39. شەخسنىڭ جورىسىنىڭ ئۇچۇرى نېمە ئۇچۇن
يىغىلىدۇ؟ .............................. 41
40. شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى كىرىدىت مۇئامىلە
ئۇچۇرى نېمىشقا يىغىلمايدۇ؟ .................... 42
41. شەخسنىڭ باشقا جاي ياكى چەت ئەلدىكى كىرىدىت مۇئامىلە
ئۇچۇرى يىغىلامدۇ؟ .............................. 43
42. چەت ئەللىكلەرنىڭ دۆلىتىمىزدىكى كىرىدىت ئۇچۇرى يى-
غىلامدۇ؟ .............................. 43
43. دۆلىتىمىزدىكى چەت ئەل مەبلىغىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپا-
راتلىرىنىڭ كىرىدىت ئۇچۇرى يىغىلامدۇ؟ ............ 43
44. مەن قەرز ئالمىغان تۇرسام ھەم قەرز ئېلىش
نىيىتىممۇ يوق تۇرسا، يەنە نېمە ئۇچۇن مىنىڭ ئۇچۇرۇم-
نى يىغىدۇ؟ .............................. 44

45. نېمە ئۈچۈن شەخسلەرنىڭ پۇل ئامانەت قويغان ئۈچۈرنى يىغمايدۇ؟ ........................................ 45
46. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قانچىلىك ۋاقىتتا بىر قېتىم ئۈچۈر يىغىلايدۇ؟ ............... 45
47. شەخسلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى قانداق قوغدىلىدۇ؟ ... 45
48. ئۈچۈرنىڭ بىخەتەرلىكىگە قانداق كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؟ ........................................ 47
49. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا قاتنىشىشقا نېمە ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىش كېتمەيدۇ؟ ........................................ 48
50. ئېلىمىزنىڭ شەخسلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداشقا دائىر قانداق قانۇن - قائىدىلىرى بار؟ .................. 48
ئۈچىنچى قىسىم شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ سىرى ...... 52
51. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى قايسى ئورۇن چىقىرىدۇ؟ ........................................ 52
52. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ قانچە خىل نۇسخىسى بار؟ ........................................ 52
53. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟ ......... 53
54. قەرز ئالمىغان ئادەمنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولامدۇ؟ ........................................ 54
55. دېھقانلارنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولامدۇ؟ ..... 56
56. ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرگىلى بولامدۇ؟ ........................................ 55
57. ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى قەيەردە سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ؟ ........................................ 56
58. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى قانداق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، سۈرۈشتۈرگەن ۋاقىتتا قانداق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيمىز؟ ........................................ 56

59. باشقا جايدا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولامدۇ؟ ...... 56
60. نېمە ئۈچۈن ئىنتېرنېت توردا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى بىۋاسىتە سۈرۈشتۈرگىلى بولمايدۇ؟ ...... 57
61. سۈرۈشتۈرۈش قېتىم سانىنىڭ چېكى بارمۇ؟ ...... 57
62. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە ھەق ئېلىنامدۇ؟ ...... 58
63. نېمە ئۈچۈن شەخسىنىڭ سودا شېرىكىنى ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ؟ ...... 58
64. باشقىلار سىز تەمىنلىگەن ئىناۋەت دوكلاتىغا ئىشەنمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... 58
65. باشقىلارغا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرگۈزۈش ئۈچۈن قانداق قىلىمەن؟ ...... 59
66. مەن باشقىلارنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرەلەمدىمەن؟ ...... 59
67. مەن تۇغقانلىرىم (جورام، پەرزەنتىم) نىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرەلەمدىمەن؟ ...... 60
68. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى ئەڭ كۆپ سۈرۈشتۈرىدىغان ئاپپارات قايسى؟ ...... 60
69. بانكا قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قانداق ئەھۋالدا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ؟ ...... 60
70. سودا بانكىسى خۇسۇسىي كارخانىنىڭ كرېدىت ئىلتىماسىنى تەكشۈرگەندە، خوجايىنىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە بولامدۇ؟ ...... 62
71. سودا بانكىسىنىڭ ھەرقانداق خىزمەتچىسى مۇئامىلىدارلارنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرسە بولامدۇ؟ ...... 62
72. باشقا ئاپپاراتلار قانداق ئەھۋالدا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى-

نى سوروشتورسه بولىدۇ؟ ………………… 63
73. باشقىلارنىڭ ئىجازىتىگىزنى ئالمايلا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرگەنلىكىنى بايقىسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ ………………… 63
74. ئەدلىيە تارماقلىرى قانداق ئەھۋالدا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ؟ ………………… 64
75. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى نېمە ئۈچۈن ئەدلىيە ھۆكۈمىنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ؟ ………………… 65
**تۆتىنچى قىسىم ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى ئوقۇپ چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىش** ………………… 66
76. ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «سۈرۈشتۈرگەن ۋاقىت» ۋە «دوكلات ۋاقتى» نىڭ قانداق پەرقى بار؟ ………………… 66
77. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ ئۈچۈرىدا قايسى سەھىپىلەر بار؟ ………………… 67
78. شەخسىي سالاھىيەت ئۈچۈرى قانداق كەلگەن؟ ……… 68
79. «جامائەت خەۋپسىزلىك ئۈچۈرى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى» دېگىنى زادى قانداق ئىش؟ ………………… 69
80. «تەپسىلىي ئۈچۈر» دېگەن نېمە؟ ………………… 70
81. «ئىناۋەت نورمىسى» ۋە «ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئىناۋەت نورمىسى» دېگەن نېمە؟ ………………… 70
82. نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەن ئىناۋەت نورمىسىمۇ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ؟ ………………… 72
83. ئىناۋەت كارتىسىنىڭ ئەڭ زور قەرز سوممىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ………………… 73
84. «كېرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغان قالدۇق سومما» ۋە «ئىشلىتىپ بولغان نورما» نىڭ مەنىسى نېمە؟ …… 73
85. «قەرەللى ئۆتۈپ كېتىش» دېگەن نېمە؟ ………………… 73
86. «نۆۋەتتىكى قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى»، «قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي قېتىم سانى» بىلەن

«ئەڭ زور قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى» دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ........................ 74
87. «هازىرقى قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي سومما» هازىر قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان، ئەمما قايتۇرمىغان پۇلمۇ؟ ................................ 76
88. قەرەلىنى بىر كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىش بىلەن 180 كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ قانداق پەرقى بار؟ .................. 77
89. نېمە ئۈچۈن «غەيرىي رەسمىي كىرېدىتلىق كارتىدىن كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىپ قىلىنغىنىغا 180 كۈندىن ئاشقان تۆلىمىگەن قالدۇق سومما» ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ؟ ........................................ 77
90. ئىناۋەت كارتىسىدىكى «ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسى» دېگەن نېمە؟ ................................ 78
91. ئىناۋەت كارتىسىدىكى قەرەل بويىچە ئەڭ تۆۋەن قەرز قايتۇرۇش نورمىسىنىلا قايتۇرۇش سەلبىي ئۇچۇر ھېسابلىنامدۇ؟ ................................ 79
92. «كىرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنىڭ 12 ئاي ئىچىدە قايتۇرمىغان ئەڭ تۆۋەن قەرز قايتۇرۇش نورمىسىنىڭ قېتىم سانى» نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ .............. 80
93. «24 ئاي ئىچىدىكى قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ .............................. 80
94. «ئۇچۇرغا ئېرىشكەن ۋاقىت» بىلەن «راسچوت يىل، ئېيى» دېگەن بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ قانداق پەرقى بار؟ .............................. 83
95. «ئۇچۇرغا ئېرىشكەن ۋاقىت» بىلەن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «سۈرۈشتۈرۈلگەن ۋاقىت» نىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ .............................. 83
96. «ئالاھىدە مۇئامىلە ئۇچۇر خاتىرى-

سى» دېگەن نېمە؟ .......................... 84

97. «ئالاھىدە خاتىرە» دېگەن نېمە؟ .......................... 84

98. «شەخسىي راسچوت ئىسچوتى» مېنىڭ بانكىدىكى بارلىق ئىسچوتىممۇ؟ .......................... 84

99. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «قانۇنىي ئىگە ئاپپارات سانى» بىلەن «ئاپپارات سانى» بىر گەپمۇ؟ .......... 85

100. «شەخسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئۇچۇرى» دىكى تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ .......................... 85

101. «شەخسىنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ئۇچۇرى» دىكى تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ .......................... 87

102. شەخسنىڭ تېلېگراف ھەققى تۆلەش ئۇچۇرىدىكى «ھەققە قەرز بولۇش» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ .......................... 88

103. نېمە ئۈچۈن ئىناۋەت خاتىرىسىدە «ياخشى» ياكى «ناچار» دېگەن خەت كۆرۈلمەيدۇ؟ .......................... 90

104. سەلبىي ئۇچۇرنى نېمە ئۈچۈن «ناچار خاتىرە» دېيىشكە بولمايدۇ؟ .......................... 91

105. سەلبىي ئۇچۇر ئاساسلىقى قايسى سەھىپىدە كۆرۈلىدۇ؟ .......................... 91

106. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا نېمە ئۈچۈن «ياخشى نىيەت بىلەن قەرز بولۇش ۋە قەستەنلىك بىلەن قەرز بولۇش» دەپ ئايرىلمايدۇ؟ .......................... 93

107. «باشقىچە پىكىردە بولۇشنى ئەسكەرتىش» بىلەن «ئۆز باياناتى» نىڭ قانداق پەرقى بار؟ .......................... 94

108. «سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن نېمە؟ .......... 95

109. نېمە ئۈچۈن «سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك؟ .......... 96

**بەشىنچى قىسىم ئىناۋەت دوكلاتىغا بولغان باشقىچە پىكىرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ................................................ 98**
110. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئايرىم سانلار توغرا بولماسلىق مەسىلىسىگە قانداق قاراش كېرەك؟ ........................................ 98
111. سانلىق مەلۇماتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە سىز قانداق ئىشلارنى قىلالايسىز؟ ........................................ 99
112. باشقىچە پىكىردە بولۇش دېگەن نېمە؟ ............ 100
113. باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا قانداق ماتېرىياللار كېتىدۇ؟ ........................ 101
114. باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى تېلېفون، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق تاپشۇرسا بولامدۇ؟ ............ 101
115. باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسى قانچىلىك ۋاقىتتا ھەل بولىدۇ؟ ........................................ 102
116. دائىم كۆرۈلىدىغان باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسى قايسىلار؟ ........................................ 103
117. سۈيىپىكتىپ سەۋەبتىن باشقا دائىم كۆرۈلىدىغان شەخسلەرنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشىدىن قايسىلار بار؟ ........................................ 105
118. شەخس ئىناۋەت كارتىسى ئاكتىپلاشتۇرۇلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان يىللىق ھەققە قەرز بولۇش ئەھۋالىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلەنگەنلىكىگە قايىل بولمىسا، باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟ ........................................ 109
119. دوستۇم مېنىڭ كىملىكىمنى ئىشلىتىپ بانكىدىن قەرز ئېلىپ قايتۇرمىدى، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر مېنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىمغا خاتىرىلەنسە، باشقىچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويسام بولامدۇ؟ ........................................ 110

120. شەخسنىڭ ئاساسىي ئۆچۈرغا نىسبەتەن باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ...................... 110
121. شەخسنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سوغۇرتىسى ۋە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت جۇغلانمىسى ئۆچۈرىغا قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىدۇ؟ ................................ 111
122. شەخسنىڭ تېلېگراف ھەققىنى تۆلەش ئۆچۈرىغا قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىدۇ؟ ............... 112
123. شەخسنىڭ راسچوت ئىسچوت ئۆچۈرىغا قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىدۇ؟ ..................... 112
124. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا شەخسلەرنىڭ كىرىدىت سودا ئۆچۈرىنى خاتىرىلەشتە چۈشۈرۈپ قويۇلسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ........................................ 112
125. باشقىچە پىكىردە بولۇشنىڭ سەۋەبى ئۆچۈرنىڭ كېيىن قېلىشىدىن بولغان بولسا قانداق قىلىدۇ؟ .................................................. 113
126. قايسى خىل ئەھۋالدا «باشقىچە پىكىردە بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش»نى ئىشلىتىش زۆرۈر بولىدۇ؟ ... ............................................... 113
127. باشقىچە پىكىرنى بىر تەرەپ قىلىشقا نىسبەتەن يەنىلا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىدۇ؟ ............. 114
128. قانداق ئەھۋالدا «شەخسىي بايانات» ئىشلىتىلىدۇ .............................................. 115
**ئالتىنچى قىسىم ئىناۋەتنى قوغداشتا ئۆزىگە تايىنىش** .......... 116
129. نېمە ئۈچۈن «ئۆزۈمنىڭ ئىناۋىتىگە ئۆزۈم ئىگە بولىمەن» دەيمىز؟ ................................................ 116
130. كىرىدىت پائالىيەتلىرىدە نېمە ئۈچۈن «ئېغىز دىكى گەپكە ئاساسلانغىلى بولمايدۇ، تۈزگەن توختام ئىسپات بولىدۇ» دېگەن پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىنىدۇ؟ ............. 117

131. ئىمزا قويۇشتىن ئاۋۋال نېمە ئۈچۈن توختام تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىلىدۇ؟ ...... 118
132. نېمە ئۈچۈن تۈرلۈك ئىلتىماس جەدۋىلى ئەينەن تولدۇرۇلىدۇ؟ ...... 118
133. ئۆي كۆچكەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز شىركەتلىرىگە بېرىپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ ...... 119
134. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئىشلىتىشكە بېرىشكە بولمايدۇ؟ ...... 120
135. شەخسنىڭ سالاھىيىتى باشقىلار تەرىپىدىن قارىسىغا ئىشلىتىلسە، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولامدۇ؟ ...... 121
136. شەخسىي سالاھىيىتىنىڭ ئوغرىلىقچە ئىشلىتىلىشىدىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ؟ ...... 122
137. نېمە ئۈچۈن «قەرز پۇل ئالمىسا، كارتا ئىشلەتمىسە، ئىناۋەتنىڭ ياخشى بولۇشى ناتايىن» دەيمىز؟ ...... 122
138. قەرز پۇلنى ئالدىن قايتۇرۇپ كارتا ئوقۇتمىسا، ئىناۋەتنى ئۆستۈرگىلى بولامدۇ؟ ...... 123
139. كۆپ پۇل قەرز ئالسا، كارتىنى كۆپ ئوقۇتسا، ئىناۋەت تېخىمۇ ياخشى بولامدۇ؟ ...... 123
140. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى قايسى ئەھۋالدا سەلبىي خاتىرە ئاسان پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ؟ ...... 124
141. ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىشى، ئايدا قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي خاتىرىدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟ ... 125
142. كامانىدىروپكىغا چىقىپ سىرتتا تۇرغان مەزگىلدە قەرز قايتۇرۇش ۋاقتى كېلىپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... 126

143. نېمە ئۈچۈن ئۈچىنچى تەرەپكە قەرزنى ۋاكالىتەن قايتۇ-
رۇش تەكلىپى بېرىلمەيدۇ؟ ........................ 127
144. سەلبىي خاتىرە بولسىلا ئىناۋەتنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن
دېرەك بېرەمدۇ؟ ................................ 128
145. سەلبىي خاتىرە پەيدا بولغاندىن كېيىن، شەخسلەر قانداق
تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى ئەس-
لىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟ ................................ 128
146. قەرزنى قايتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى-
كى قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن خاتىرە ئىناۋەت دوكلاتىدا
ساقلىنىدۇ؟ ................................ 129
147. سەلبىي خاتىرىنى ساقلاش مۇددىتى قا-
چاندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، سەلبىي خاتىرە قانچىلىك
ۋاقىت ساقلىنىدۇ؟ ................................ 129
**يەتتىنچى قىسىم ئىناۋەت خاتىرىلەشكە دائىر پۇل مۇئامىلە
ساۋاتلىرى** ................................ 131
148. قەرز پۇل ئېلىش ياكى ئالالماسلىقتا كىمنىڭ دېگىنى
ھېساب بولىدۇ، سودا بانكىسىنىڭ دېگىنى ھېسابمۇ ياكى
جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىنىڭ
دېگىنى ھېسابمۇ؟ ................................ 131
149. مەلۇم بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن بىر بانكىدىن قەرز ئالالمى-
غان بىلەن، يەنە بىر بانكىدىن قەرز ئالالايدۇ؟ ··· 132
150. نېمە ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن قەرز بېرىش ئۆلچىمى
بېكىتىلمەيدۇ؟ ................................ 133
151. بانكا نېمىگە ئاساسەن سىزگە قەرز پۇل بېرىش ياكى
بەرمەسلىكنى بەلگىلەيدۇ؟ ................................ 135
152. بانكا قەرز بەرگەندە نېمە ئۈچۈن شەخسىي ئىناۋەت خاتىرى-
سىنى تەكشۈرىدۇ؟ ................................ 135
153. شەخسنىڭ ئىناۋىتىنى تەكشۈرۈشتە، نېمە ئۈچۈن سودا

بانكىسىنىڭ بىرلىكە كەلگەن ئۆلچىمى يوق؟ ······ 136
154. ئىناۋەت ياخشى بولسا قانداق ئېتىبارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ ······························ 137
155. قەرەللىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش قېتىمى ۋە سوممىسى بەلگىلىك سانغا يەتسە بانكا قەرز پۇل بەرمەمدۇ؟ ························ 137
156. تېلېگراف ھەققىنى تاپشۇرۇش ياكى تاپشۇرماسلىق نېمە ئۈچۈن بانكىنىڭ سىزنى باھالىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ······························ 138
157. شەخسنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىغا قاتنىشىش ئۈچۈرىنىڭ بانكىنىڭ شەخسىي كىرېدىت ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈشىدە قانداق پايدىسى بار؟ ···138
158. سىياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇل تارقاتقاندا، نېمە ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى تەكشۈرىدۇ؟ ······························ 139
159. خوجايىنىنىڭ ئىناۋىتى نېمە ئۈچۈن ئىگىلىكىدىكى كارخانىنىڭ قەرز پۇلغا ئېرىشىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ······························ 139
160. كارخانا بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلنى كېيىنگە سۈرسە، خوجايىنغا تەسىرى بولامدۇ؟ ······················ 140
161. شەخسىي قەرزنى مۇددەتتە بۆلۈپ قايتۇرغاندا، قانداق قىلغاندا ۋاقتىدا قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ······························ 140
162. ئالغان قەرزنى ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرالمىغان ۋاقىتتا ئىناۋەتكە بولغان تەسىرىنى قانداق قىلغاندا ئازايتقىلى بولىدۇ؟ ······························ 141
163. «كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى» دېگەن نېمە؟ ······ 142
164. زادى قايسى كۈنى قەرز قايتۇرۇلىدۇ، «قەرز قايتۇرۇش

كۆنى» دىن بۇرۇنمۇ ياكى «كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى» دىن كېيىنمۇ؟ ........................ 143
165. قەرزنىڭ قەرەلى ئۇزارتىلغان مەزگىلدە قەرز ئالغۇچىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىدە ئۆزگىرىش بولامدۇ؟ ........................ 144
166. ئالغان قەرز ئۆسۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى قانداق ئەھۋالدا شەخسنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى تەسىرگە ئۇچرىتىشى مۇمكىن؟ ........................ 145
167. ئۆسۈمنى بىر نەچچە كۈن كېچىكىپ تاپشۇرسا، نېمە ئۈچۈن يەنە شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ؟ ........................ 145
168. باشقا جايدا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتسە، ئۆز جايىدىكى قەرز ئېلىشقا تەسىر قىلامدۇ؟ ........................ 146
169. باشقىلارغا كېپىل بولغان ئۇچۇرمۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ؟ ........................ 146
170. دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇشقا بەرگەن ياردەم قەرزىنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا شەخسنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىرى بارمۇ؟ ........................ 147
171. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنى قانداق تۇرغۇزىدۇ؟ ........................ 147
172. نېمە ئۈچۈن كىرېدىت كارتىسى ئىشلىتىشنىمۇ شەخسنىڭ ئىناۋەت پائالىيىتى دەيمىز؟ ........................ 148
173. كارتا ئوقۇتقاندا سەلبىي خاتىرە پەيدا بولۇشتىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟ ........................ 149
174. كىرېدىت كارتىسىنىڭ ئۆسۈم ھېسابلاشتىكى ئۆلچەم سانى، كۈن سانى ۋە ئۆسۈمى قانداق ھېسابلىنىدۇ؟ ........................ 151
175. كىرېدىت كارتىسى يىتىپ كەتكەن ياكى ئوغرىلانغاندىن كېيىن پەيدا بولغان خاتىرە كارتىنىڭ ئەسلىي ئىگىسىنىڭ

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنەمدۇ؟ ...... 153
176. «ئۇچەككە كىرگەن كارتا» ئىناۋەت خاتىرىگىزگە قانداق
تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ .............................. 153
177. يىللىق ھەققە قەرز بولۇش خاتىرىسى نېمە ئۈچۈن كىرې-
دىت كارتىسى ھېسابتىن ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنە
شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؟...... 154
178. A بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلنى B بانكىنىڭ پوكىيىدە
قايتۇرسا بولامدۇ؟ .............................. 155
قوشۇمچە (1) شەخسىي ئىـنـاۋەت ئـۇچـۇرى ئـاسـاسـىي سانلىق
مەلۇمات ئـامـبىرىـنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش
چارىسى .............................. 156
قوشۇمچە (2) شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات
ئامبىرىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى ئۆزى سۈرۈشتۈرۈش قائىد-
ىسى .............................. 169

## بىرىنچى قىسىم

# شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش

ئىناۋەت خاتىرىلەش دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قەدىمىي ئىش ھېسابلىنىدۇ. نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى «زوچۇەن» ناملىق كىتابتا: «بىر ئادەمنىڭ دېگەن گېپىنىڭ ھېساب بولۇش ياكى بولماسلىقىنى شۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن. بىراق، ھازىر سىز بىلەن مەن كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھېس قىلىۋاتقان ئىناۋەت خاتىرىلەش تېخى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىشتۇر. قەرز بېجىرگەن، خىزمەت ئىزدىگەندە بانكا خىزمەتچىلىرىنىڭ «ئىناۋەت خاتىرىڭىز قانداق؟» دېگەنلىكىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىسىز. بۇنداق دېگىنى ئۇلارنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى كۆزدە تۇتقانلىقى بولۇپ، ئىلگىرىكى ئىناۋەت پائالىيەتلىرىڭىزنىڭ خاتىرىسى «ئىناۋەت دوكلاتى» ڭىزدا ئىپادىلىنىدۇ. «ئىناۋەت دوكلاتى» بولسا، ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «ئىقتىسادىي كىملىك» دەپ تەسۋىرلەيدۇ، بۇنى ۋەدىڭىزدە تۇرۇش ياكى تۇرماسلىقىڭىزنى ئىسپاتلاشقا ئىشلىتىدۇ. بەزىلەر ئىناۋەت خاتىرىسىنىڭ ياخشى- يامان بولۇشى، بېجىرمەكچى بولغان ئىشىڭىزنى بېجىرەلەيدىغان ياكى بېجىرەلمەيدىغانلىقىڭىز، شۇنداقلا بېجىرمەكچى بولغان ئىشىڭىزغا قانچىلىك بەدەل سەرپ قىلغاندا ئاندىن بېجىرەلەيدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلەيدۇ دەيدۇ. دانالار «شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قوغدىغانغا ئوخشاش قوغداش كېرەك» دەپ ئېيتىدۇ. مانا مۇشۇنداق مۇھىم نەرسىگە نېمىشقا دىققەت قىلمايسىز، نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟ كىتابنىڭ بۇ قىسمىدا بىز

سىزگە ئىناۋەت خاتىرىلەشكە ئائىت بەزى ئاساسىي چۈشەنچىلەرنى تو-نۇشتۇرىمىز. بىز بۇ چۈشەنچىلەرگە چەت ئەلنىڭ يۈز يىللىدەك ۋاقىت ئېلىپ بارغان ئىناۋەت خاتىرىلەش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشتۇق. بۇنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى چۈشە-نىشىڭىزگە پايدىسى بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

## 1. ئىناۋەت خاتىرىلەش دېگەن نېمە؟

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئىناۋەت خاتىرىلەش دېگىنىمىز، كەسىپ-لەشكەن، مۇستەقىل ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتىنىڭ ئىناۋەت ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، ئىناۋەت ئۇچۇرىنى قانۇن بويىچە يىغىدىغان، ئوبيېكتىپ خاتىرىلەيدىغان ھەمدە سىرتتىكىلەرنى ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن قانۇن بويىچە تەمىنلەيدىغان بىر خىل پائالىيەتتۇر. ئىناۋەت خاتىرىسى ئىلگى-رىكى ئىناۋەت پائالىيەتلىرىڭىزنى خاتىرىلەيدۇ، بۇ پائالىيەتلەر كەلگۈ-سىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سىز بانكىدىن قەرز ئېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، بانكا ئىناۋەت خاتىرى-لەش ئاپپاراتى تەمىنلىگەن ئىناۋەت دوكلاتى ئارقىلىق ئىلگىرىكى ئىنا-ۋەت ئەھۋالىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، سىز بىلەن مۇئامىلە قى-لىش ياكى قىلماسلىقنى تېخىمۇ ئاسان، تېخىمۇ تېز بەلگىلەپ، ئىقتى-سادىي پائالىيەتلىرىڭىزنى قوللايلاشتۇرىدۇ. ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىناۋەت خاتىرىلەش بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى تېخى-مۇ قويۇقلىشىدۇ.

## 2. نېمە ئۈچۈن ئىناۋەت خاتىرىلىنىدۇ؟

ئىلگىرى شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت دائىرىسى تار، مۇئامى-لە شەكلى ئاددىي بولۇپ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىنىش ئۆزئارا بىۋاستە چۈشىنىش ۋە ئىجتىمائىي رايوندىكى كىشىلەر ئارا مۇ-ناسىۋەتتىن كېلەتتى، ھازىر بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئاھالىنىڭ يۆتكىلىش-چانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، شەخسلەرنىڭ پائالىيەت رايون دائىرىسى كې-

گەيدى، ئۆزى پىششىق بىلىدىغان، ئۆزىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئـادەمـ
لەر بىلەن ئارىلاشقاندىن باشقا، يەنە نۇرغۇن تونـۇشمايدىـغان ئادەملـەر
بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئادەملەر باشقا ئۆلكە، ھەتتا باشقا
بىر دۆلەتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا تايىـ
نىپلا ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلسا، ناھايىتـى كۆپ ۋاقىت ۋە كـۈچ
سەرپ بولىدۇ، نەتىجىدە سودا قىلىشالمايدۇ، ياكى ئۆزىنىڭ تـەرەققىيا-
تىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەخسنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە جەمئىيەتـ
نىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن، سىز بىر بانكىدىن قەرز بېرىشنى ئىلتىماس قىلىسڭىـز،
بانكىدا سىزنى تونۇيدىغان، بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا، سىز ئىنتا-
يىن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، بانكىغا ئۆزىڭىزنـىڭ ئالـدىغان قەرزنـى
ۋاقتىدا قايتۇرالايدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ،
شۇنداقلا بانكىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ سىزنـىڭ ئالـدىغان قەرزنـى
قايتۇرۇش ئىقتىدارىڭىزنىڭ بار ياكى يـوقلۇقـنى تەكشۈرۈشكە توغـرا
كېلىدۇ. 10 مىليون يۈەنلەپ قەرز ئالىدىغانـلارغا نىسبەتەن ئېيتقانـدا،
بانكا مۇشۇنداق قىلسا ئىنتايىن باب كېلىشى مۇمكىن. بىراق، بىر نـەچـ
چە ئون مىڭ يۈەن قەرزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بانكا يەنىلا مۇشۇنـداق
قىلسا ئانچە مۇۋاپىق كەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئىنسانلار بىر نەچچە مىـڭ يىللىـق تارىخـي تەرەققـيات داۋامـدا
مۇنداق بىر يەكۈنگە، يەنى «تارىخ كەلگۈسىنىـڭ ئەينىـكى ئىكـەنلىكـ
گە»، «بىر ئادەمنىڭ ئۆتمۈشى ئارقىلىق شۇ ئادەمنىڭ كەلگۈسىنى ئالـ
دىن مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ» غانلىقىغا ئېرىشكەن. ئىناۋەت خـاتىرىلـەش
دەل مۇشۇ قاراش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، كەسـپلەشـكەن ئاپپـارات
ئىلگىرىكى ئىناۋەت ئۇچۇرىڭىزنى ئوبيېكتىپ خاتىرىلەيدۇ ھەمدە قانۇن
بويىچە سىرتتىكىلەرنى ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇنداق قىـ
لىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى سودىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ
ئۆزئارا بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىك مەسىلىسىنى زور دەرىجىدە ھەل قىـ
لىدۇ، سودا تەننەرخىنى ئازايتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە

پائالىيەتلىرىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋەدىسىگە سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلىش ئاساسىي پرىنسىپ بولغاچقا، ئىناۋەت خاتىرىلەش جەريانى ئۇنىڭ شەخسىي نام-ئابرۇيى بايلىقى يىغىدىغان جەرياندۇر، بۇنداق بايلىق ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بايلىق يارىتىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

شۇڭا، ئىناۋەت خاتىرىلەشنى هازىرقى زامان ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ تەرەققىي قىلغان دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ سىزنىڭ تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە ئىقتىسادىي پۇل مۇئامىلە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ هەر بىر شەخسنىڭ ئىناۋەت بايلىقىنى توپلاشقا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، يەنە هەر بىر ئادەمنى ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ، كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىناۋەت مۇھىتىمۇ ياخشىلىنىدۇ.

## 3. ئىناۋەت خاتىرىلەشتىكى «خاتىرىلەش» دېگەن نېمە؟

ئىناۋەت خاتىرىلەشتىكى «خاتىرىلەش» سىزنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىكى ئەھۋالىڭىزنى خاتىرىلەشنى كۆرسىتىدۇ:

«سىز كىم»؟ بۇ سىزنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرىڭىز بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ سالاهىيىتىڭىز، ئىسىم-فامىلىڭىز، ئائىلە مۇناسىۋىتىڭىز، ئائىلە ئادرېسىڭىز، ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«نەچچە پۇل ئالدىڭىز»؟ بۇ سىزنىڭ پۈتكۈل قەرز ئەھۋالىڭىز بولۇپ، بۇ سىزنىڭ قايسى بانكىدىن قانچە يۈەن قەرز ئالغانلىقىڭىز، نەچچە پارچە ئىناۋەت كارتىسى بېجىرگەنلىكىڭىز، هەر بىر ئىناۋەت كارتىڭىزدا قانچىلىك ئىناۋەت نورمىسى بارلىقى، ماگىزىندىن نىسىگە قانچىلىك مال سېتىۋالغانلىقىڭىز، ئاۋۋال ئىستېمال قىلىپ كېيىن پۇل تۆلەش مۇلازىمىتىدىن قانچىلىك بەھرىمەن بولغانلىقىڭىز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«سىز كېلىشىم بويىچە قەرز قايتۇردىڭىزمۇ»؟ بۇ سىزنىڭ قايسى ۋاقىتتا قانچىلىك پۇلنى قايتۇرغانلىقىڭىز، توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە

تولۇق قايتۇرغان ياكى قايتۇرمىغانلىقىڭىز، تۈرلۈك قەرز، ئىناۋەت كار-تىسى، تېلېگراف ھەققى قاتارلىق ئالدىن ئىستېمال قىلىپ، كېيىن پۇل تۆلەيدىغان تۈرلۈك جامائەت ئىشلىرى خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئى-چىگە ئالىدۇ.

«سىز قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلدىڭىزمۇ»؟ بۇ سىزنىڭ ئىقتىسا-دىي پائالىيەتكە مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملارغا رىئايە قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىڭىز، شۇنداقلا سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق-تەلەپ ئىقتىسادىي دېلولاردىكى ھۆكۈم ئۇچۇرى، ئېلان قىلىنغان باج قەرزى ئۇچۇرلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپ-پاراتى يىغقان ئۇچۇرنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلى-رىڭىزدە پەيدا بولغان ئىناۋەت ئۇچۇرى بولۇپ، ئىناۋەتكە مۇناسىۋەتسىز بەزى ئۇچۇرلارنى، مەسىلەن، شەخسنىڭ ئامانەت قويغان پۇل ئۇچۇ-رى، شەخسنىڭ دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنى ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپ-پاراتى يىغمايدۇ.

## 4. ئىناۋەت خاتىرىسىنى «كىم» يىغىدۇ؟

ئىناۋەت خاتىرىلەشنى ئىناۋەت خاتىرىلەيدىغان ئاپپارات، يەنى ئىككى تەرەپنىڭ سودىسىدىن مۇستەقىل بولغان، كەسپىلەشكەن ئۈ-چىنچى تەرەپ ئاپپاراتى يىغىدۇ. ئادەتتە ئىناۋەت خاتىرىلەش كەسپى بىلەن ھەققىي شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ بەزىلىرى جامائەتنىڭ ئىشەنچ كۆچىگە ئىگە ئاپپارات بولۇپ، ئۇلار يۈز نەچچە يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرۈپ، بازاردا ئىناۋەت تىكلىگەن، نىسبەتەن كۈچلۈك كەسپىي سەۋىيەگە ئىگە بولغان بازارلاشقان ئاپپاراتلاردۇر، ياكى بولسا بىر دۆلەتنىڭ مەركىزىي بانكىسىدۇر: مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى بازارلاشقان ئاپپارات. ياۋروپادا كۆپىنچە مەركىزىي بانكا مەخسۇس ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى قۇرغان.

## 5. سەمىمىي بولۇش، ئىناۋەت، ئىناۋەت خاتىرىلەش بىر ئىشمۇ؟

سەمىمىي بولۇش، ئىناۋەت، ئىناۋەت خاتىرىلەش بۇ ئۈچ سۆزنىڭ مەنىسى يېقىندەك بولسىمۇ، لېكىن پەرقلىنىدۇ.

سەمىمىي بولۇش بولسا، كىشىلەرنىڭ سەمىمىي بولۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان ئەخلاق-پەزىلەت ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ بىر ئادەمنىڭ گېپىگە قاتتىق ئىشىنىشتىكى سۇبيېكتىپ تىلەك. ئۇ ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولۇپ، بىر خىل ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقتۇر، شۇنداقلا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا باشقىلار ئۈچۈن ئويلاشتىكى ئاساسىي ئۆلچەمدۇر. بىر ئادەمنىڭ سەمىمىي بولۇش ياكى بولماسلىقى ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى قەستەنلىك پائالىيىتىدۇر. شۇڭا، ئەخلاق ئەھمىيىتى جەھەتتە باھالاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. مەسىلەن، باش شۇجى خۇجىنتاۋ ئوتتۇرىغا قويغان «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» قارىشىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈرى بولسا، «سەمىمىي بولۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش شەرەپ، مەنپەئەتنى دەپ ۋىجدانىنى سېتىش نومۇس» تۇر.

ئىناۋەت ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، «پۇل قەرز ئالغان بولسا، پۇلنى قايتۇرۇش» دېگەنلىك بولۇپ، مۇئامىلە قىلغان بىر تەرەپ ۋەدە بېرىپ قايتۇرمىغان ئەھۋالدا، يەنە بىر تەرەپ ئۇنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇلازىمەت ياكى تاۋار ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. پۇل قەرز ئېلىپ ئولتۇراق ئۆي-مۈلۈك سېتىۋالغانغا ئوخشاش، ئالدىدا ئىستېمال قىلىپ، كېيىن پۇل تۆلەش تۈرى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تىپىك بولغان ئىناۋەت پائالىيىتىدۇر. ئىناۋەت پائالىيىتىدە قەرز ئالغان بىر تەرەپ «لەۋزىدە تۇرالماسلىق» ئەھۋاللىرىنى سادىر قىلىشى مۇمكىن، مەسىلەن، پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرماسلىق، ھەقنى ۋاقتىدا تاپشۇرماسلىق دېگەندەك. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولۇپ، سۇبيېكتىپ جەھەتتە قەستەن قايتۇرماسلىق

ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتە قايتۇرۇشنى خالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە قايتۇرالماسلىق دەپ بۆلۈنىدۇ، مەسىلەن، قايتۇرىدىغانغا پۇلى يوق بولۇش، كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىش، ئۇنتۇلۇپ قېلىش ياكى بىپەرۋا يۈرۈش دېگەندەك. قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، توختامدىكى بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئورۇنلىمىغانلىق بىر ھەقىقىي پاكىت بولۇپ، بۇنداق پاكىتقا نىسبەتەن سەۋەبلەر بەك مۇرەككەپ ۋە چىگىش بولغانلىقتىن، ئەخلاق جەھەتتە ھۆكۈم چىقىرىش تەسكە توختايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، تەجرىبە، قانۇنىيەت، شۇنداقلا بىر ئادەمنىڭ ئىلگىرىكى پائالىيەت خاتىرىسىگە ئاساسەن، يەنە بەزى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار ۋە ستاتىستىكا ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، مەلۇم ئادەمنىڭ كەلگۈسىدە «لەۋزىدە تۇرالماسلىق»، ۋاقىت بويىچە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماسلىق ئېھتىماللىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

ئىناۋەت خاتىرىلەش دېگەنلىك، سەممىي بولۇش، ئىناۋەت دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئوبيېكتىپ خاتىرىلەيدىغان ھەمدە كەلگۈسىدە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىغا ئالدىن مۆلچەرلەشكە ياردەم بېرىدىغان بىر خىل مۇلازىمەتتۇر. بۇ يەردە ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئىناۋەت خاتىرىسىگە خاتىرىلىنىدىغىنى شەخسنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى، يەنى شەخسىي توختام بەلگىلىمىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئورۇنلىغان ياكى ئورۇنلىمىغانلىقى بولۇپ، ئىناۋەت خاتىرىسىگە سەممىي بولۇش خاتىرىلەنمەيدۇ، چۈنكى بىر ئادەمنىڭ سەممىي بولۇش ياكى بولماسلىقى شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ تىلىكى بولۇپ، ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە تەۋە ئىشتۇر. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدىغان ئۆلچەم يوق.

## 6. ئىناۋەت خاتىرىسى ئۇچۇرى قەيەردىن كېلىدۇ؟

ئىناۋەت خاتىرىسى يىغىدىغان ئاپپارات ئۇچۇر پەيدا بولغان مەنبە-دىن ئۇچۇر يىغىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئاپپاراتتىن كېلىدۇ:

بىرى، قەرز بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاپپارات، بۇلار ئاساسلىقى سودا بانكىسى، يېزا ئامانەت قەرز ھەمكارلىق كوپىراتىپى، ئاز سوممىلىق قەرز شىركىتى قاتارلىق قەرز بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاپپاراتلاردۇر. بۇ ئاپ-پاراتلار تەمىنلىگەن ئۇچۇر ئاساسلىقى شەخسنىڭ كىرېدىت ئۇچۇرى، مەسىلەن، قەرز سوممىسى، ئالغان قەرزنى قايتۇرۇش ئەھۋالى، كېچىل بولۇش ئەھۋالى، شۇنداقلا ئىشلەتكەن ئىناۋەت كارتىسى قاتارلىق ئۇ-چۇرلاردۇر.

يەنە بىرى، ئالدىن ئىستېمال قىلىپ كېيىن پۇل تۆلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاپپارات، بۇلار ئاساسلىقى تېلېگراف كارخانىسى، سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز شىركىتى قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلار ئورۇنلىرى-دۇر، بۇ ئورۇنلار شەخسنىڭ تېلېفون، سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەقلى-رىنى تۆلەش قاتارلىق ئۇچۇرلىرىنى بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىقى ئاپپاراتلار شەخسنىڭ ئادرېسى، ئالاقى-لىشىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئاساسىي ئۇچۇرنى تەمىنلەيدۇ. شەخس كەسىپ بېجىرگەن ۋاقىتتا بۇ ئاپپاراتلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن بولىدۇ.

سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، بۇنىڭدا ھەق-تەلەپ ئىقتىسادىي دېلولاردىكى مەسئۇلىيىتى بار بىر تەرەپنىڭ ئۇچۇرىنى ئا-ساسلىقى ھۆكۈم چىقارغان سوت مەھكىمىسى تەمىنلەيدۇ، شەخسنىڭ تۆلىمىگەن قەرز باج ئۇچۇرى مۇناسىۋەتلىك باج تارمىقىدىن كېلىدۇ.

## 7. نېمە ئۈچۈن شەخسلەرنىڭ ئۆزىدىن ئۇچۇر يىغمايدۇ؟

ئۇچۇرنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شەخسلەر-

نىڭ ئۆزىدىن ئۇچۇر يىغمايدۇ. خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرنىڭ يادروسى سىزنىڭ قەرز ئېلىپ، قەرز قايتۇرۇشتىكى قەرز ئۇچۇرىڭىزدۇر. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، قەرز ئۇچۇرى تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقى بار يەردىن يىغىلسا، قەرزدار تەرەپتىن يىغىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئوبيېكتىپ بولىدۇ.

ئۇچۇر يىغىشنىڭ تېخىمۇ قوللىنىشچان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شەخسلەرنىڭ ئۆزىدىن ئۇچۇر يىغمايدۇ. خاتىرىلەش ئاپپاراتى ئەگەر شەخس تەرەپتىن ئۇچۇرنى تەدرىجىي يىغسا، خىزمەت ئۈنۈمى سودا بانكىسى قاتارلىق ئاپتوماتلاشقان تارماقلار مەركەزلىك يىغقان ئۇچۇردىن كۆپ تۆۋەن بولىدۇ.

ئۇچۇرنىڭ ۋاقىتچانلىقى ۋە ئۈزلۈكسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شەخسلەرنىڭ ئۆزىدىن ئۇچۇر يىغمايدۇ. خاتىرىلەش ئاپپاراتى ئۇچۇرنى ۋاقتىدا يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر شەخستىن ئۇچۇرنى تەدرىجىي يىغسا، ئۇچۇر يېڭىلاشنى كاپالەتلەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ.

## 8. ئىجابىي ئۇچۇر دېگەن نېمە؟

ئىجابىي ئۇچۇر بولسا، سىز ئىلگىرى ئېرىشكەن ئىناۋەت سودىسى ۋە ئىناۋەت سودىسىدا توختام كېلىشىمىنى ئىجرا قىلغان ئۇچۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، سىز قەرز ئالغان ئۇچۇر ۋە سىز ۋاقتىدا قەرز قايتۇرغان ئۇچۇرنى كۆرسىتىدۇ. سىز بەلكىم قەرز ئالساممۇ ئىجابىي ئۇچۇر بولامدۇ، دەپ ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە سىز بانكىدىن قەرز ئالالىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئالدىن ئىستېمال قىلىپ ئاندىن پۇل تۆلەش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولغان بولىسىز، بۇ پاكىتلار بانكا ۋە سودا قىلغان تەرەپنىڭ سىزگە ئىشەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزگە نىسبەتەن ئىجابىي ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كىرىمىڭىزگە سېلىشتۇرغاندا، ئالغان قەرزىڭىزنىڭ سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولسا، كەلگۈسىدە قەرزنى قايتۇرۇش ئىقتىدارىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بانكا سىزنى قايتىدىن

يېڭى قەرز بىلەن تەمىنلەپ بەرمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، سىزنىڭ بانكىدىن قەرز ئالالىغانلىقىڭىزنىڭ ئۆزى سىزگە نىسبەتەن بىر ئىجابىي ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈك ئىجابىي ئۇچۇر بولسا، سىز توختام بەلگىلىمىسى بويىچە ئالغان قەرز، باج ھەققىنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرغان ئۇچۇرىڭىزدۇر. كېلىشىم بويىچە بىر قېتىم مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماق ئاسان بولغان بىلەن، بىر نەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە ھەر ئايدا مۇددەت بويىچە مەجبۇرىيەتنى ئۆتەش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالىسىڭىز، سىزدە كۈچلۈك ئىناۋەت تۇيغۇسى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىڭىزنىڭ مالىيەسىنى باشقۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئىقتىدارنى ھازىرلىيالىغان بولىسىز، سودا بانكىسى قاتارلىق قەرز تارقىتىش ئاپپاراتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ.

*بىلىۋېلىڭ: ئىناۋەتلىك سودا بولسا، سودىدا سىز سودىلاشقۇچى بىر تەرەپ بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن يەنە بىر تەرەپكە كەلگۈسىدە قايتۇرۇشنى ۋەدە قىلغان ئاساستا، قارشى تەرەپ سىزنى مەبلەغ، تاۋار ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان پائالىيەتتۇر. مەسىلەن، سودا بانكىسىنىڭ سىزگە قەرز بېرىشى ياكى سىزنىڭ ئالدىن ئىستېمال قىلىپ كېيىن پۇل تۆلەش، مەھسۇلاتنى نېسىگە سېتىش، نېسىگە ئېلىش قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىڭىزنىڭ ھەممىسى ئىناۋەتلىك سودىغا كىرىدۇ.*

## 9. سەلبىي ئۇچۇر دېگەن نېمە؟

سەلبىي ئۇچۇر بولسا، سىز ئىلگىرىكى ئىناۋەتلىك سودىدا ئالغان قەرزنى ۋاقتىدا تولۇق قايتۇرمىغان، تۈرلۈك ھەقلەرنى ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرمىغان ئۇچۇر، يەنى كېلىشىمگە (ئەھدىگە) خىلاپلىق قىلغان ئۇ-

چۈرنى كۆرستىدۇ. مەسىلەن، سىز بانكىدىن ئۆلتۈراق ئۆي رەنىلىك قەرز بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز، قەرز توختىمىدا سىزنىڭ ئاي بويىچە بەلگىلىك سوممىدا قەرز تۆلىشىڭىز بېكىتىلىدۇ، بىراق تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ۋاقتىدا تولۇق قايتۇرالمىسىڭىز، شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىدە مۇددەتتىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قەرز قايتۇرغانلىق ئۇچۇرى كۆرۈلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئېڭىنى ئۆلچەشتىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇچۇر سەلبىي ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە مۇددەتتىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ياكى كۆپ قېتىم كۆرۈلسە سىز كېيىنكى قېتىم بانكا بىلەن ئالاقە قىلغاندا بانكا تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشى مۇمكىن.

## 10. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى دېگەن نېمە؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بولسا، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتلىرى سىزنىڭ ئىلگىرىكى ئىناۋەت ئۇچۇرىڭىزنى خاتىرىلىگەن ھۆججەت، ئۇ شەخسنىڭ «ئىقتىسادىي كىملىكى» (سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى) بولۇپ، سودا شېرىكىڭىزنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىڭىزنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، سىزنىڭ ئىقتىسادىي پۇل مۇئامىلە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئادەتتە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بۇنىڭ بىر تۈرى، ئۆزىڭىز كۆرىدىغان تۈر بولۇپ، بۇ تۈردە ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىدا بار بولغان بارلىق ئۇچۇرىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ ئۇچۇرلار قايسى بانكىنىڭ سىزگە قەرز بەرگەنلىكى، قايسى تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ سىزنى ئالدىن تېلېفون قىلىپ ئاندىن ھەق تۆلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر تۈرى بولسا، بانكا ياكى باشقا ئاپپاراتلار كۆرىدىغان تۈر بولۇپ، بۇ تۈر سىزنىڭ بارلىق ئىناۋەت سودا ئۇچۇرىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق ئادىل رىقابەتلىشىش مەق-

ستىدە شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا سىزنىڭ شەخسىي ئىناۋەت
دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئاپپاراتتىن باشقا، سىزگە قەرز ياكى
باشقا ئىناۋەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەن ئاپپاراتنىڭ نامىنى، يەنى
سىز بىلەن ئىناۋەت سودىسى قىلغان باشقا ئاپپاراتنىڭ ئۇچۇرىنى چى-
قارمايدۇ.

## 11. نېمە ئۈچۈن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى شەخس-لەرنىڭ «ئىقتىسادىي كىملىكى» دەيمىز؟

قورامىغا يەتكەن بىر جۇڭگو پۇقراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن،
ھەممىمىزدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاھالىلەر كىملىكى بار،
ئۇنىڭغا ئىسىم-فامىلىسى، جىنسى، تۇغۇلغان ۋاقتى، تۇرۇشلۇق ئورنى
ۋە كىملىك نومۇرى بېسىلغان. شۇنىڭغا ئوخشاش كىملىك باشقا دۆلەت-
نىڭ پۇقرالىرىدىمۇ بار بولۇپ، نامى ئوخشاشماسلىقى مۇمكىن، بىراق
رولى ئوخشايدۇ. يەنى ئۇ سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ،
شۇڭا ھېچكىممۇ بۇ كىملىكتىن ئايرىلالمايدۇ.

بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىق-
تىسادىي پائالىيەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئى-
كەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاشقا ئېھتىياجلىق بولغاندىن باشقا، يەنە قولايلىق،
ئىشەنچلىك ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان ئىشەنچلىك بىر ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتىشىڭىزغا
توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاستە شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدۇر. ئۇ سىزنىڭ
بۇرۇنقى ئىناۋەت سودىسىدىكى ئىپادىڭىزنى خاتىرىلەيدۇ، شېرىكىڭىز-
نىڭ سىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، سىز بىلەن
مۇئامىلە قىلىش ياكى قىلماسلىقنى تېزدىن بەلگىلەيدۇ.

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئىنتايىن
كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ دېگۈدەك شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بو-

لىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ ئىشلىتىلىشمۇ ئومۇملىشىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ قەرز ئېلىپ ئۆي سېتىۋېلىش، ئىناۋەتلىك كارتا بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىش، سوغۇرتا سېتىۋېلىش، ئۆي ئىجارىگە ئېلىش، خىزمەت ئىزدەش، ھۆكۈمەت پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر تۇردىكى پەۋقۇلئاددە زور ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە سىڭىپ كىردى. ئەگەر شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولمىسا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ ئىشلىتىلىشى كۈنسايىن كېڭەيدى، ئۇنىڭ رولىمۇ بارغانسېرى بىزنىڭ «كىملىك»ىمىزگە ئوخشىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئوبرازلىق ھالدا «ئىقتىسادىي كىملىك» دەپ ئاتىدى.

## 12. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدە قانداق ھوقۇقى بار؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش ئوبيېكتى بولسا شەخس، يەنى دەل سىز بولىسىز. سانلىق مەلۇماتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن تۆۋەندىكىدەك ھوقۇقىڭىز بار:

ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقى. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ سىز توغرىلىق ئىگىلىگەن بارلىق ئۇچۇرنى بىلىش ھوقۇقىڭىز بار. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈش بۇنى بىلىشنىڭ ياخشى يولىدۇر. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا شەخسلەرنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقى بارلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن، قىسمەن دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىدىن ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا ھەر يىلى ئاز دېگەندىمۇ بىر قېتىم ھەقسىز ئېرىشىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

باشقىچە پىكىردە بولۇش ھوقۇقى. سىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدىكى ئۇچۇرغا نىسبەتەن ئوخشاشمىغان پىكرىڭىز بولسا، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتلىرىغا دېسىڭىز بولىدۇ، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى

تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

خاتالىقنى تۈزىتىش هوقۇقى. ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدا خاتىرىلەنگەن ئۇچۇردا خاتالىق بارلىقى ئىسپاتلانسا، سان يوللىغان ئاپپارات ۋە ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىدىن خاتالىقنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىش هوقۇقىڭىز بار.

ئەدلىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلىش هوقۇقى. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى تەمىنلىگەن ئىناۋەت دوكلاتىدىكى ئۇچۇرنى خاتا، مەنپەئەتىڭىزگە زىيان سالغان دەپ قارىسىڭىز هەمدە سىز ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىغا باشقىچە پىكرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىنمۇ، سىز رازى بولغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىڭىز، سىز يەنە سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ هوقۇق-مەنپەئەتىڭىزنى قوغدىسىڭىز بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، هەر بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇش پۇرستى بار بولۇپ، مۇددىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قەرز قايتۇرغانلىق توغرىسىدىكى سەلبىي ئۇچۇر شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا مەڭگۈ خاتىرىلەنمەيدۇ. چەت ئەلدە كۆپ ساندىكى سەلبىي خاتىرە يەتتە يىل ساقلىنىدۇ، ۋەيران بولغان خاتىرە 10 يىل ساقلىنىدۇ، سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى ئىككى يىل ساقلىنىدۇ. شۇڭا، شەخسنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەردىن قەرزنى هەقىقەتەن قايتۇرالماسلىق سەلبىي ئۇچۇرىمۇ مەڭگۈ ساقلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، مەڭگۈ بوشاشماي، هەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى قايتىدىن تۇرغۇزسا، يەنە باشتىن كەلسە بولىدۇ.

## 13. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدە قانداق مەجبۇرىيىتى بار؟

ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بى-

لەن، تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ:

ئاساسىي ئۇچۇرىڭىزنى توغرا تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىڭىز. سىز قەرز ئېلىشنى بېجىرگەن، ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلغان، سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەقلىرىنى تاپشۇرغان چېغىڭىزدا، سودا بانكىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى ئۆزىڭىزنىڭ توغرا بولغان ئاساسىي ئۇچۇرىڭىز بىلەن تەمىنلىشىڭىز كېرەك.

ئۇچۇرىڭىزنى ۋاقتىدا يېڭىلاش مەجبۇرىيىتىڭىز. ئەگەر سالاھىيەت ئۇچۇرىڭىز، تۇرۇشلۇق ئادرېسىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز ۋە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىڭىز قاتارلىق شەخسىي ئۇچۇرىڭىزدا ئۆزگىرىش بولسا، ئالاقىدار ئاپپاراتقا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇشىڭىز كېرەك، ئالاقىدار ئاپپارات ئۇچۇرىڭىزنى دەرھال يېڭىلايدۇ.

ئىناۋەت خاتىرىڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتى. سىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈشىڭىز، خاتالىق سەزسىڭىز ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىغا دەرھال تۈزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىز لازىم. ئىناۋەت دوكلاتىدىكى ئۇچۇرنىڭ توغرا-خاتالىقى ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلگەن ياكى بۆلمىگەنلىكىڭىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

## 14. باشقىلار ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى خالىغانچە كۆرسە بولامدۇ؟

بولمايدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى نۇرغۇن ئۇچۇر ئۆزىڭىزنىڭ خۇسۇسىي ئۇچۇرى بولۇپ، باشقىلار خالىغانچە كۆرسە، خالىغانچە تەكشۈرسە بولمايدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر بۇ جەھەتتە قاتتىق تۈزۈم بېكىتىپ، ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە چەك قويۇپ، پۇقرالارنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكىنى قوغدايدۇ، بۇ جەھەتتىكى كونكرېت ئۇسۇلنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

ئۆزى ھوقۇق بېرىش. ھەرقانداق ئاپپارات ۋە شەخس ئىناۋەت

دوكلاتىڭىزنى كۆرمەكچى بولسا، ئاۋۋال يازمىچە ھوقۇق بېرىسىز، بولمىسا ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى ھەرقانداق شەخس ياكى ئاپپاراتقا تەمىنلەپ بېرەلمەيدۇ.

قانۇندا بەلگىلەنگەن قائىدە، يەنى قانۇن ئىناۋەت دوكلاتىنى قانداق ئەھۋالدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۆزىڭىز مۇئامىلە ئىلتىماسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ سىز ئوتتۇرىغا قويغان پۇل قەرز ئېلىش ئىلتىماسى ۋە ئىناۋەت كارتىسى ئىلتىماسى، خىزمەت ئىلتىماسىڭىزنى تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقانداق ئاپپارات ۋە شەخس ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى كۆرمەكچى بولسا، قانۇندا بەلگىلەنگەن قائىدە ۋە ئىشلىتىش ئورنى ماس كېلىشى كېرەك. بۇنداق تۈزۈم بولغاچقا، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى قانۇن - بەلگىلىملەرگە ماس كەلسە، ئاندىن ئىناۋەت دوكلاتىڭىز بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا سىزنىڭ يازمىچە ھوقۇق بېرىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

سىزنىڭ ھوقۇق بېرىشىڭىز بىلەن قانۇنىي مەقسەتنى بىرلەشتۈرۈش. يەنى ھەرقانداق ئاپپارات ۋە شەخس ئەگەر سىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى كۆرمەكچى بولسا، قانۇن - بەلگىلىمىدىكى ئىشلىتىش ئورنىغا ماس كەلگەن بولۇپلا قالماستىن، يەنە سىزنىڭ يازمىچە ھوقۇق بېرىشىڭىزگە ئېرىشىشى كېرەك.

## 15. نېمە ئۈچۈن ئىناۋەت خاتىرىلەشنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش كېرەك؟

ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىكى مەقسەت سانلىق مەلۇماتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىزنى قوغداش، شۇنداقلا ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر.

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى بولسا، شەخسنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدە پەيدا بولغان سەزگۈر ئۇچۇر بولۇپ، شەخسنىڭ مەخپىيەت-

لىكىگە چېتىشلىق بولىدۇ، شۇڭا ئاممىۋى مەھسۇلاتقا ئوخشاش شەرتسىز ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا بولمايدۇ. بىراق، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا شەخسلەر بانكىدىن قەرز ئالسا، ئالغان قەرزنى مۇددەت بويىچە قايتۇرۇش ياكى قايتۇرالماسلىقى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدۇ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەريانىدا، شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكى ۋە قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداپ، شەخسىي ئۇچۇرنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىناۋەت خاتىرىلەشنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان بىر سىستېمىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى ۋە كەسپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشكە قارىتا باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشىنىڭ بىر مەقسىتى بولسا ئۇچۇر ۋە شەخسنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، شۇنداقلا ئۇچۇرنى ئاشكارىلاش ۋە سودا بانكىسىدىن قەرز ئېلىشنى قولايلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سانلىق مەلۇماتلىرىنى «شەرتلىك» ھالدا يىغىشى، ساقلىشى ۋە ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، شەخسىي مەنپەئەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوغداش ئۈچۈندۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىناۋەت خاتىرىلەش ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇپ قالدى، بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ بۇ تۈزۈمنى ئورنىتىۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى دەل بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىناۋەت ئىگىلىكى بولغانلىقىدا، شۇنداقلا ئىناۋەت خاتىرىلەش تۈزۈمى بازار ئىگىلىكىنىڭ بىر ئۇل تېشى بولغانلىقىدا. ئىناۋەت خاتىرىلەش تۈزۈمىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى شەخسنىڭ مەنپەئەتىگىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. شۇڭا، ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەت-

لىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش كېرەك.

## 16. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى سىزنى قايسى مۇلا-زىمەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ؟

ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەشنى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپ-پاراتىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەجبۇرىيىتى قىلدى. شۇڭا، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئىناۋەت خاتى-رىلەش ئاپپاراتىغا ئىلتىماس سۇنسىڭىز بولىدۇ، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى چوقۇم تەلىپىڭىزنى ئورۇنداپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەردە بۇ مۇلازىمەت ھەقلىق.

باشقىچە پىكىردە بولغانلىق ئىلتىماسىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ. ئە-گەر ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدىكى قايسى ئۇچۇرنىڭ ئەمەلىيە-تىڭىز بىلەن ماس كەلمىگەنلىكىنى بايقىسىڭىز، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىغا ئېيتىسىز، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىدىكى مەخسۇس خادىم باشقىچە پىكىردە بولغانلىق ئىلتىماسىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئىناۋەت دوكلاتىدىكى خاتا ئۇچۇرغا تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ. ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدا خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرنى ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ خاتا قىلىپ قويغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانسا، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپ-پاراتى تېزدىن توغرىلىشى كېرەك. ئەگەر سودا بانكىسى قاتارلىق سان-لىق مەلۇمات يوللايدىغان ئاپپاراتلار خاتا قىلىپ قويغان بولسا، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى خاتالىق چىققان سانلىق مەلۇماتنى يوللىغان ئاپ-پارات بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، خاتالىقنى توغرىلايدۇ.

## 17. شەخسلەرنىڭ ئىناۋىتىنى باھالاش دېگەن نېمە؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋىتىنى باھالاش بولسا ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپ-

پاراتىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدىن باشقا تەمىنلىگەن يەنە بىر تۈرلۈك
مۇھىم مۇلازىمىتى بولۇپ، ئۇ ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل بويىچە تەتقىق قى-
لىپ چىقىلغان، مۇئامىلىدارلارنىڭ قەرز ئېلىشتىكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق
قىلىش ئېھتىماللىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل
ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە قەرز ئالغۇچىنىڭ ئىلگىرىكى قەرزنى
قايتۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىق خۇسۇسىيەت كۆرسەتكۈچىنى ئۆزگەر-
گۈچى مىقدار قىلىپ، ستاتىستىكا ۋە ئانالىز قىلىش ۋاستىسى ئارقى-
لىق، ئارقىمۇئارقا كەلگەن پۈتۈن سانلىق باھالاش نەتىجىسىنى شەكىل-
لەندۈرىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئالغان نومۇرىڭىز قانچە يۇقىرى بولسا،
نومۇر قويۇش شەكلى بويىچە قەرز ئېلىپ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش
ئېھتىماللىقىڭىز شۇنچە كىچىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ قەرز
پۇلغا ئېرىشىش ئېھتىماللىقىڭىز شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

## 18. نېمە ئۈچۈن ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ با- ھالاپ قويغان نومۇرى بىلەن بانكىنىڭ قويغان نومۇرى ئوخشاش بولمايدۇ؟

ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى بىلەن سودا بانكىلىرى بولسا دائىم
كۆرۈلىدىغان ئىككى چوڭ تۈردىكى باھالاپ نومۇر قويۇش ئەندىزىسى-
نى ئىجاد قىلغان ئاپپارات بولۇپ، ئۇلار قويغان نومۇردىكى ئەڭ چوڭ
ئوخشىماسلىق قويغان نومۇرنىڭ ئاساسى ئوخشىمايدۇ. ئىناۋەت خاتىرى-
لەش ئاپپاراتى قويغان نومۇرنىڭ ئاساسي ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپارا-
تى ئۆزى ئىگىلىگەن ئىناۋەت خاتىرىلەش سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدۇر،
بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار سىزنىڭ سودا بان-
كىسى بىلەن بولغان كىرېدىت مۇئامىلە سانىنى ھەمدە سىزنىڭ باشقا
ساھەدىكى ئىناۋەت خاتىرىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بانكىنىڭ قويغان
نومۇرى بولسا، بانكىنىڭ سىز توغرىلىق ئىگىلىگەن ئاساسي ئۇچۇرى،
شۇنداقلا بانكا بىلەن بولغان مۇئامىلە ئۇچۇرىڭىزغا ئاساسەن، ئىناۋەت

خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ قويۇلغان نومۇردىن ئىبارەت.

ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى قويغان نومۇر بىلەن بانكا قويغان نومۇرنىڭ مەقسىتى ئوخشاشمايدۇ. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى قويغان نومۇر ئاساسلىقى سىزنىڭ نۇرغۇن تۈردىكى ئىناۋەت پائالىيەتلىرىڭىز، مەسىلەن، قەرز ئېلىش، ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلىتىش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئومۇمىي سەۋىيەدە كېلىشمىگە مۇددەت بويىچە ئەمەل قىلىش مۇمكىنچىلىكىڭىزنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. بانكىنىڭ قويغان نومۇرى سىزنىڭ بانكىدىكى مەلۇم بىر كونكرېت كەسپتىكى خەۋپ-خەتىرىڭىزنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى مۇئامىلىدارلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە كونكرېت مۇلازىمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، سىز ئىشلەتكەن مەلۇم ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلىتىشتىكى خەۋپ-خەتەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تەكشۈرۈش دېگەندەك.

ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ قويغان نومۇرى بىلەن بانكىنىڭ قويغان نومۇرى بىر- بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتسە، بىر مۇئامىلىدارنىڭ خەۋپ-خەتەر سەۋىيەسىنى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بەزى كىچىك بانكىلار ئۆزىنىڭ نومۇر قويۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزمىغان بولسا، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ قويغان نومۇرى ئۇلارنىڭ كەسپىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىدۇ. يېڭى مۇئامىلىدارلارغا نىسبەتەن بانكىنىڭ نومۇر قويۇشى تەس بولىدۇ. بۇ چاغدا ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى بانكىنى ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 19. چەت ئەللەردە ئىناۋەت خاتىرىلەش بارمۇ؟

بار. ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ 100 نەچچە يىللىق ئىناۋەت خاتىرىلەش تارىخى بار. ئەڭ دەسلەپتە نېسىگە

سېتىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان كىچىك خوجايىنلار قەرزىنى قايتۇرمىغان مۇئامىلىدارلارنىڭ تىزىملىكىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، بۇ مۇئامىلىدارلارنى نېسىگە سېتىش مۇلازىمىتى بىلەن داۋاملىق تەمىنلەش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ زىيان تارتىشتىن ساقلانغان. كېيىن ئىناۋەت خاتىرىلەش بانكا قاتارلىق ئاپپاراتلار قەرز ئالغۇچىنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر كەسپىي مۇلازىمەتكە ئايلانغان. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن باشلاپ، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى، ھازىر مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللىنىپ، جەمئىيەتتە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

## 20. چەت ئەللەردىكى ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ قانداق يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بار؟

ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنى قۇرغان دۆلەت بارغانسېرى كۆپەيدى. نۇرغۇن دۆلەت ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم رولىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنى قۇرۇشقا باشلىدى. دۇنيا بانكىسى ئېلىپ بارغان بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن بۇرۇن، پەقەت بەش دۆلەتتە مەركىزىي بانكا قاتارلىق ئورگان كىرىدىتنى تىزىملاش ئاپپاراتى قۇرۇلغان بولسا، ھازىر 68 دۆلەتتە كىرىدىتنى تىزىملاش ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ بولدى. ئوخشاشلا 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن بۇرۇن، پەقەت يەتتە دۆلەتلا بازارلاشقان ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى قۇرغان بولسا، ھازىر 50 دۆلەت بازارلاشقان ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى قۇردى.

ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتلىرى ئۇچۇرنىڭ ئىجابىي قىممىتىگە بارغانسېرى بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. كارخانا ۋە شەخس-

لەرنىڭ ئۇچۇر ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىنكاس قىلىش ئۈچۈن، نۇر-
غۇن ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتلىرى سەلبىي ئۇچۇر يىغىپلا قالماي، يەنە ئىجابىي ئۇچۇرلارنىمۇ يىغىشقا باشلىدى. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپ-
پاراتلىرى ئۆزىدىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ بارغانسېرى كۆپ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنى بازارغا سالدى. ئەنئەنىۋى ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈشتىن سىرت، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتلىرى يەنە ئىناۋەتكە نومۇر قويۇش، بازار مۇلازىمىتى، ئالدامچىلىقنى كۆزىتىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى يولغا قويدى.

ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ قايتىدىن تەشكىللىنىشى باشلاندى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئامېرىكىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 2000 دىن ئارتۇق يەرلىك خاراكتېردىكى ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى بار بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك بازار رىقابىتى ئارقىلىق ھازىر بازارنى پە-
قەت دۆلەت خاراكتېردىكى ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىدىن بىر نەچچىسىلا ئىگىلىدى. بەزى چوڭ تىپتىكى ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپ-
پاراتى يەنە دۆلەت ھالقىپ راۋاجلاندى، ئۆزئارا قوشۇۋېلىش، پايغا قات-
نىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن بازار ئىگىلە-
كى دۆلەتكە كىردى.

ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمىتى تەدرىجىي ھالدا غەيرىي ئەنئەنىۋى ساھەلەرگە كېڭەيدى. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتلىرى سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، تەدرىجىي ھالدا تېلېگراف، سۇغۇرتا قاتارلىق ئاپپاراتلارغا مۇلا-
زىمەت قىلدى. چۈنكى، مۇئامىلىدارلارنىڭ ئالدىن تېلېفون ئىشلىتىپ، كېيىن ھەق تاپشۇرۇش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىمۇ بىر خىل ئىناۋەت سودىسى بولغاچقا، بۇ تەرەپتىكى ئۇچۇر خاتىرىلەش دائىرىسى-
گە كىرگۈزۈلسە، بانكىدىن قەرز ئېلىش مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنى خاتىرىلەپ، بۇلارنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسى تۇرغۇ-

زۇشغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى «ئىقتىسادىي كىملىك»كە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە، بەزى دۆلەتلەردە مۇئامىلىدارلارنىڭ ئالاقىلىشىش ھەقلىرىنى نېسى قالدۇرۇش، سۇغۇرتىنى ئالداش قاتارلىق خەۋپ-خەتەرلەر بىلەن مۇئامىلىدارلارنىڭ كىرىمدىت خەۋپ-خەتىرى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەت بار. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى توپلاپ ئىنكاس قىلغان شەخسىي ئىناۋەت ئەھۋالىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى سودا بانكىسى، تېلېگراف تارماقلىرى، سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنىڭ خەۋپ-خەتەرنى ياخشى پەرق ئېتىشى ۋە تىزگىنلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## 21. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىناۋەت خاتىرىلەشكە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

ئۇچۇر تېخنىكىسى ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇچۇر يىغىشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە ئىناۋەت خاتىرىلەشتىكى ئۇچۇر يىغىشتا ئاساسلىقى قول بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا تايىنىلاتتى. ھازىر ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى سودا بانكىسى قاتارلىق سانلىق مەلۇمات يوللايدىغان ئاپپاراتلار بىلەن مەخسۇس لىنىيە تۇتاشتۇرۇپ، ئىناۋەت خاتىرىلەش سانلىق مەلۇماتلىرى تورىنىڭ ياردىمىدە تېز سۈرئەتتە يوللىنىدىغان بولدى. ھازىرقى ئۇچۇر يىغىش ئۇسۇلىنى ئىلگىرىكى قول بىلەن مەشغۇلات قىلغانغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇچۇر قىممىتى تولۇق ئىشلىتىلدى. سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تېخنىكىسىنىڭ ياردىمىدە، ئىناۋەت خاتىرىلەيدىغان بىر قىسىم چوڭ ئاپپاراتلار چوڭ تىپتىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ، يۈز مىليونلىغان ئادەمنىڭ ئۇچۇرىنى يىغدى ۋە ساقلىدى. ھازىرقى زامان ماتېماتىكىلىق ئانالىز تېخنىكىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى ناھايىتى نۇرغۇن ئۇچۇرلار ئىچىدىن قىممىتى بار شەخسلەرنىڭ

ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ، ئىناۋەتكە نومۇر قويۇش، ئالدامچىلىقنى كۆزىتىش قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق قىممەتنى ئاشۇرۇش مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىپ، ئۇچۇرنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىش ۋە ئىشلىتىلىشكە ئېرىشتۈردى.

ئۇچۇر مۇلازىمەت سەۋىيەسىدىكى ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، ئىناۋەت خاتىرىسىنى ئېلىش تورى زور دەرىجىدە كېڭىيىپ، ئەنئەنىۋى مەنىدىكى رايون چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى دۆلەت دائىرىسىدە ئۇچۇر يىغىدۇ، دۆلەت ئىچىدىكى سودا بانكىلىرى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى ئۇچۇر بىلەن تېز تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى قىلىدۇ. بۇ خەت-چەك ياكى ئاغزاكى ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان يىللاردىكىدىن كۆپ ياخشى.

# ئىككىنچى قىسىم

## ئىناۋەت خاتىرىلەش سىز بىلەن بىللە

ھازىر قىسمەن دوستلار ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىناۋەت خاتىرىلەشتىن ئايرىلالمايدۇ، دۆلىتىمىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگو خەلق بانكىسى قىسقىغىنا ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە سودا بانكىلىرىنى تەشكىللەپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنى قۇرۇپ، 600 مىليونغا يېقىن ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەممە ئادەمنى «ئىقتىسادىي كىملىك»كە ئىگە قىلدى. ئۇنداقتا، بۇ ئارخىپ، بۇ «كىملىك»تە نېمىلەر خاتىرىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلىدۇ، قانداق ئىشلىتىلىدۇ ۋە باشقۇرۇلىدۇ؟ بۇ قىسىمنى كۆرگەندىن كېيىن، چوقۇم بۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ.

### 22. دۆلىتىمىزدە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنى قۇرۇش نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولدى؟

ئالدىنقى قىسىمدا ئىناۋەت خاتىرىلەشنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مەقسەتنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىگىزنى ئىسپاتلاش، سىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سودىسى بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە شۇغۇللىنىشىڭىزنى قولايلاشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. بۇنداق تارىخى شارائىتتا دۆلىتىمىزنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنى قۇرۇشى جىددىي زۆرۈر بولدى.

بىر مىسال كەلتۈرسەك، ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىدا، ئىناۋەت كارتىسى تارقىتىشتا ئىلتىماس قىلغۇچى «سەل ساقلاپ تۇرسىلا ئالالايدىغان» بولدى، ھەتتا سىز ئىلتىماس قىلمىسىڭىزمۇ، كارتا تارقاتقۇچى ئاپپارات سىزگە ئىناۋەت كارتىسى تارقىتىپ بېرىدۇ. ئولتۇراق ئۆي رەنىلىك قەرز ئېلىشتا، ئىلتىماس قىلغاندىن تارتىپ تەستىقلانغۇچە پەقەت ئۈچ كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا بانكىلىرىنىڭ شەخسلەرنى تەمىنلىگەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتىنىڭ مىقدارى كۆپ، سۈرئىتى تېز، ئۆلۈك ھېساب نىسبىتى تۆۋەن. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا مىقدارى چەكلىك، سۈرئىتى ئاستا، ئۆلۈك ھېساب نىسبىتى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. بۇ پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر كۆپ خىل بولسىمۇ، لېكىن ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئامىلدۇر. دۇنيا ئىقتىسادىي پۇل مۇئامىلىسى بىر گەۋدىلىشىپ، تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى شەخسكە بولغان پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى، دۆلەتنىڭ يۇقىرىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىنى ئۆستۈرۈشى، ئىناۋەت خاتىرىلەشنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت ئاساسىي ئەسلىھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر بىر ئىشقا ئايلاندى.

بۇنىڭدىن باشقا، بازار ئېگىلىكى بولسا ئىناۋەت ئىگىلىكى بولۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان شەخسلەر قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، توختامنى ھۆرمەتلەپ، كېلىشىمدىكى ۋەدىسىگە

قاتتىق ئەمەل قىلىشى كېرەك. لېكىن ئەمەلىيەت سەمىمىي بولۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنىڭ بىر كىشىدە تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولماستىن، بەلكى كېيىن شەكىللىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنى يالغۇز قانۇن ۋە ئەخلاق مىزانىغا تايىنىپلا شەكىللەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئادەمنىڭ لەۋزىدە تۇرمىغانلىقى خاتىرىلەنمىسە، جازالانمىسا، بۇنىڭغا بەدەل تۆلىمىسە، شۇ شەخستە سەمىمىي، سادىق بولۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە چەكلەش كۈچى بولمايدۇ، ئەسلىدە سەمىمىي بولۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان بەزى شەخسلەرمۇ لەۋزىدە تۇرمايدۇ. شۇڭا ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىدىكى مۇھىم ھالقا بولسا، ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەخسنىڭ سالاھىيىتىنى توغرا پەرق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى يىغىپ ۋە ساقلاپ، بۇ خاتىرىلەرنى قانۇن بويىچە ئىشلىتىپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ھەرىكەتلىرىنى مۇكاپاتلاپ، لەۋزىدە تۇرمىغانلارنى جازالاشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەخسنى ئۆزىنىڭ ياخشى ئىناۋەت خاتىرىسىنى ساقلاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىش ئارقىلىق، پۈتكۈل جەمئىيەتتە سەمىمىيلىك قۇرۇلۇشىغا پۇختا ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت.

## 23. دۆلىتىمىزدە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېما قۇرۇلۇشى قانداق ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى؟

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (قىسقارتىلىپ شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى. دۆلىتىمىزدە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېما قۇرۇلۇشى 1999 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى شاڭخەيدە ئىستېمال ئىناۋىتى ئۇچۇر مۇلازىمەت نۇقتىسى قۇرۇشنى تەستىقلىغاندىن باشلانغان. 2004 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق بانكىسى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن، مەركەزلەشكەن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇردى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تىرىشىش ئارقىلىق، 2006 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى ھەم مەملىكەت بويىچە تورلاشتۇرۇلۇپ ئىشقا سېلىندى. 2007 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى 600 مىليونغا يېقىن پۇقرانىڭ ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىناۋەت ئارخىپىنى تۇرغۇزدى. بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىليوندەك ئادەمنىڭ بانكا بىلەن كىرېدىت تىجارەت خاتىرىسى بار. بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مەملىكەت بويىچە بانكا تۈرىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كىرېدىت تور نۇقتىسىنى قاپلىدى، بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق يەردىكى، ھەرقانداق بانكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىن ئالغان قەرزى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا خاتىرىلىنىدۇ. قايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىن قەرز ئالسۇن، ئېلىمىزنىڭ قەيىرىدىن قەرز ئالسۇن، بۇ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى سىزنىڭ ئىناۋەت خاتىرىڭىزنى تەكشۈرۈپ تاپالايدۇ. 2007 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھەرقايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا جەمئىي 100 مىليون ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ تەدرىجىي جەملەپ چىققان سان بولۇپ، 2007 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە سۈرۈشتۈرۈلۈش مىقدارى 300 مىڭدىن ئارتۇق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ بولغان بىر كۈننىڭ 600 مىڭ بولدى. ئۇ كۈنى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسى 600 مىڭ ئادەم قېتىم سۈرۈشتۈرۈلدى. بۇ 600 مىڭ ئادەم قېتىمنىڭ ئىچىدە بەلكىم سىز بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىناۋەت خاتىرىلەشكە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 2005 -يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى «شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. ھوقۇق بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش، ئىشلىتىلىشىگە چەك قويۇش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەخسلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە ئۇچۇرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئۆلچەم بويىچە ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئىناۋەت خاتىرىلەش چۈشەنچىسى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى. جۇڭگو خەلق بانكىسى 2005 -يىلى ئىستۇدېنتلار، قەرز ئالىدىغان ئادەتتىكى ئادەم ۋە جەمئىيەتتىكى ئامما قاتارلىقلارغا يۈزلىنىپ، ئىناۋەت خاتىرىلەش ۋە مۇناسىۋەتلىك پۇل مۇئامىلە بىلىملىرى تەشۋىقات-تەربىيەسىنى سىجىل قانات يايدۇردى. بۇ خىزمەتنىڭ تۈرتكىسىدە، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىناۋەت ئېڭى تەدرىجىي ئۆستى. بارغانسېرى كۆپ ئادەم ئىناۋەت خاتىرىلەشنى چۈشىنىشكە، ئۆزىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈشكە، ئۆزىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى.

## 24. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى دېگەن نېمە؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بولسا، جۇڭگو خەلق بانكىسى سودا بانكىسىنى تەشكىللەپ قۇرغان، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان بىر سەھنە بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنى قانۇن بويىچە يىغىپ، ساقلاپ ۋە رەتلەپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، شەخسلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئىناۋەت ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلەيدىغان ئىناۋەت ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ سودا بانكىسى، شەخس، مۇنا-

سۋەتلىك ھۆكۇمەت تارماقلىرى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ئىشلە-
تىش ئورۇنلىرىنى ئىناۋەت ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىر
شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ كۈندى-
لىك نورمال ئىشلىتىشى ۋە ئاسرىلىشىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىنا-
ۋەت خاتىرىلەش مەركىزى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

## 25. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى-نىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇخشاشمىغان ئاپپارات، ئوخشاشمىغان تارماقلار ئىگىلىگەن شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى بىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزى-دۇ. نۆۋەتتە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى 600 مىل-يونغا يېقىن ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنى خاتىرىلىدى.

ئاپپاراتنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى كەڭ. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مەملىكىتىمىزنىڭ بانكا تۈرىدىكى پۇل مۇئامى-لە ئاپپاراتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كىرېدىت نۇقتىلىرىنى قاپلىدى. بۇ سىياسىي خاراكتېرلىك بانكىلار، دۆلەت ئىلكىدىكى سودا بانكىلىرى، يەرلىك سودا بانكىلىرى، يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرى، مالىيە شىركەتلىرى، شۇنداقلا قىسمەن ئولتۇراق ئۆي فوندىنى باشقۇرۇش مەركەزلىرى، ئاز سوممىلىق كىرېدىت شىركىتى ۋە ئاپتوموبىل پۇل مۇ-ئامىلە شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سانلىق مەلۇماتنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ. شەخسلەرنىڭ ئىنا-ۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇچۇر بولسا، شەخسلەر بىلەن بانكا ئوتتۇرىسىدىكى كىرېدىت مۇئامىلە ئۇچۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ-دىن باشقا ئىناۋەت ئەھۋالىغىزنى ئومۇميۈزلۈك ئىنكاس قىلىش ئۈ-چۈن، ھازىرقى سالاھىيىتىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بەزى ئۇچۇرلار-

نى، جۇملىدىن دۆلەتنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ۋە ئولتۇراق ئۆي فوندىغا قاتنىشىش ئۇچۇرىنى، بانكىسىز ئىناۋەت سودا ئۇچۇرىنى، جۇملىدىن ئولتۇراق ئۆي فوندىدىن ئالغان قەرز ئۇچۇرىنى، تېلېگراف قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلاردىكى چىقىم ئۇچۇرىنى، شۇنداقلا قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلغان بەزى ئۇچۇرىنى، قەرز قالغان باج ئۇچۇرىنى ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم ئۇچۇرىنى يىغىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئومۇميۈزلۈك يىغىش ئارقىلىق ھەم سودا بانكىسىدىن قەرز ئېلىشىنى قولايلاشتۇرۇپ، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، ھەم باشقا ساھەدە ئۆزىنىڭ ياخشى ئىناۋەت خاتىرىسىنى ساقلاپ، ۋەدىگە ئەمەل قىلىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ئەگەر ھەر بىر ئادەم ۋەدىگە ئەمەل قىلسا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىناۋەت مۇھىتىمۇ ياخشىلانغان بولىدۇ.

## 26. نېمە ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە مەركەزلىك، بىرلىككە كەلگەن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلىدۇ؟

چۈنكى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئادەملەرنىڭ كۆچۈشچانلىقىنى ئاشۇردى. بارغانسېرى نۇرغۇن ئادەم ئۆمرىنىڭ ئوخشاشمىغان مەزگىللىرىدە ئوخشاشمىغان شەھەردە ياشىشى ۋە خىزمەت قىلىشى مۇمكىن. شەخسلەرنىڭ رايون ھالقىپ، ھەتتا دۆلەت ھالقىپ ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالدى. بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قورال بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىناۋەت خاتىرىلەشتە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسى ئۈزلۈكسىزلىككە ۋە ئومۇملىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ياردىمىدە، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەرقايسى مەزگىل، ھەرقايسى جايدىكى ئىناۋەت

ئۇچۇرنى بىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا توپلاش بولسا، بۇ ئادەمـ
نىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىنكاس قىلىشنىڭ ئەڭ تېـ
جەشلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، دۆلىتىمىزنىڭ كرېدىت بازارلىرى مەملىكەت بويىچە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، سودا بانكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇچۇر ۋە سانلارنى باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ مەملىكەت بويىچە مەركەزلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان. كرېدىت بازىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىدىن قارىغاندىمۇ، مەملىكەت خاراكتېرلىك سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ قوللىنىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مەسىلەن، نۇرغۇن بانكىنىڭ ئىناۋەت كارتا تارقىتىشى مەملىكەت بويىچە مەركەزلىك بولۇپ، قايسى ئۆلكە، قايسى شەھەردىن كەلگەن مۇئامىلىدار بولسۇن، سودا بانكىسى مۇئامىلىدارنىڭ ئىلتىماسىنى بىر جايغا يىغىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ. خەۋپ-خەتەرنى باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ، سودا بانكىسى بىرلىككە كەلگەن ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى ۋە ماتېماتىكىلىق قېلىپنى قوللىنىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر ھەرقايسى جايلاردا قۇرۇلغان ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مۇستەقىل، تارقاق بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار شەخسلەرنىڭ شۇ جايدىكى ئىناۋەت ئۇچۇرىنىلا خاتىرىلەيدۇ، ئۇچۇر يىغىش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە تەمىنلەش شەكلىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىنكاس قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، سودا بانكىسىنىڭ ئۇچۇر يوللاش ۋە سۈرۈشتۈرۈشكىمۇ زور قولايسىزلىق ۋە زۆرۈر بولمىغان ئىسراپچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، بۇ خىل تارقاق قۇرۇلما ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالمايدۇ، ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، پۇل مۇئامىلە، ھەتتا پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ ماس، سىجىل تەرەققىي قىلىشىغىمۇ پايدىسىز بولىدۇ.

چەت ئەلنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىناۋەت خاتىرىلەش ساھەسىدە مەركەزلەشكەن، بىر تۇتاش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش بولـ

سا، هازىرقى زاماننىڭ تەرەققىيات تەلىپىدۇر، شۇنداقلا بىر خىل ئومۇ-
مىي قانۇنىيەتتۇر. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئۈچ چوڭ ئىنـاۋەت
خاتىرىلەش ئاپپاراتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى
قاپلىغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇردى. ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلىنىڭ
بىر گەۋدىلىشىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ھەر-
قايسى دۆلەتلەرمۇ بىرلىككە كەلگەن ياۋرو رايونىدا ھەرقايسى دۆلەتنىڭ
ئىناۋەت خاتىرىلەشتىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش مەسىلىسى-
نى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ.

## 27. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى نېمە ئۈچۈن كۆپچىلىك بىللە قۇرىدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش ۋە مۇ-
كەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپچىلىك ئورتاق قاتنىشىشى، جەمئىيەتتى-
كى ھەرقايسى ساھە قوللىشى كېرەك.

بىرىنچى، ھەر بىر پۇقرا ئىناۋەت خاتىرىلەش سانلىرىنىڭ ئاساسىي
گەۋدىسى بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى
ئاساسلىق ئامىلدۇر. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدى-
كى ئۇچۇر شەخس توغرىسىدىكى ئۇچۇر بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت
سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇشنىڭ مەقسىتى - ھەر بىر ئادەمنى ھا-
زىرقى زامان ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈشتىن ئىبا-
رەت. بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئۇچۇرنىڭ تولۇق ياكى تولۇق
ئەمەسلىكى، توغرا ياكى خاتا بولۇشى ئۆزىمىزگە ئاياندۇر. ئۆزىنىڭ ئى-
شىغا ئۆزى كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك، شۇڭا سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپ-
ىتىكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئەلۋەتتە كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى
زۆرۈر بولىدۇ.

ئىككىنچى، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن
ئۇچۇر ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە ئاممىۋى ئىشلار ئاپپاراتى دىگەندەك

پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى بولمىغان ئاپپاراتلاردىن كېلىدۇ. شەخسلەر-نىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئوموميۈزلۈك ئىنكاس قىلىش ئۈچۈن، شەخس-لەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بۇ ئورۇن ۋە تارماقلاردىن ئۇچۇر يىغىدۇ، شۇڭا ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بۇ ئورۇنلارنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇچۇرنى ئىشلەتكەندە ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى بولىدۇ، قانچە كۆپ ئىشلىتىلسە، قىممىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىن سىرت، باشقا ھۆكۈمەت تارماقلىرى، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئىشلەتكۈچىلەردۇر. شۇڭا، ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئىشلىتىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىناۋەت خاتىرىلەش دۆلىتىمىزدىكى بىر تۈرلۈك يېڭى تۈزۈم بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدۇ، شۇڭا كەڭ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاساسىدا، قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق بۇ تۈزۈمنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ھالبۇكى، بۇ جەريانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ پائال قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

## 28. نېمە ئۈچۈن شەخسىي ئۇچۇرىمىزنى يىغىشتا قوشۇلۇشىمىزغا ئېرىشىش ھاجەتسىز بولىدۇ؟

ئىناۋەت خاتىرىلەش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر بىر ئادەم بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. شەخسىي ئۇچۇرنى يىغىش بولسا ئىناۋەت خاتىرىلەش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇڭا، شەخسنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشمەسلىكمۇ ئىناۋەت خاتىرىلەش تۈزۈمىنى يولغا قويغان نۇرغۇن دۆلەتلەر ئوموميۈزلۈك قوللانغان ئۇسۇلدۇر. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ سىزنىڭ قوشۇلۇشىڭىزنى ئالمىغان

ئەھۋالدا سودا بانكىسى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن سىزنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىڭىزنى يىغىشى، ئىناۋەت خاتىرىلەشنىڭ بىر خىل ئىچكى تۈزۈملۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەكىتلەپ قويىدىغىنىمىز بولسا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسىي ئۇچۇرنى قانۇن بويىچە يىغىدۇ، شەخسلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتكە ئېرىشىدۇ.

## 29. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قايسى ئۇچۇرنى يىغىدۇ؟

ھازىر شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى يىغىپ بولغان ئۇچۇرنىڭ تۆۋەندىكى تۈرلىرى بار:

شەخسنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرى. بۇ شەخسنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، گۇۋاھنامە تۈرى ۋە نومۇرى، ئالاقىلىشىش ئادرېسى، ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى، نىكاھ ئەھۋالى، تۇرالغۇ ئۇچۇرى، كەسىپ ئۇچۇرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەرز ئۇچۇرى. بۇ قەرز بەرگەن بانكا، قەرز سوممىسى، قەرز مۇددىتى، قەرز قايتۇرۇش شەكلى، ئەمەلىي قايتۇرۇش خاتىرىسى، كېپىللىك ئۇچۇرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىناۋەت كارتىسى ئۇچۇرى. بۇ ئىناۋەت كارتىسى تارقاتقان بانكا، بېرىلگەن ئىناۋەت نورمىسى، قەرز قايتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىرىدىت ساھەسىدىن باشقا ئىناۋەت ئۇچۇرى. 2007-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قىسمەن رايونلاردىكى تېلېگراف ئابونىچىلىرىنىڭ ھەق تۆلەش ئۇچۇرى، 26 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) دىكى جەمئىي 261 ۋىلايەت(شەھەر) دىكى شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي فوندى ئۇچۇرى، توققۇز شەھەردىكى شەخسنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قات-

ناشقانلىق ئۈچۈرنى يىغىپ بولدى.

شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تېخىمۇ كۆپ ئۈچۈرنى يىغىپ، شەخسنىڭ ئىناۋەت ھالىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىنكاس قىلىدۇ. بۇلار شەخسنىڭ سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەقلىرىنى تۆلەش ئۈچۈرى، شەخسنىڭ قەرز قىلغان باج ئۈچۈرى، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم ئۈچۈرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 30. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قايسى قەرز ئۈچۈرنى يىغىدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى يىغىدىغان قەرز ئۈچۈرنى ئاساسەن قايسى پۇلنى قەرز ئالغانلىق ئۈچۈرى ۋە ھەر قېتىملىق قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈرىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، شەخسنىڭ قايسى ۋاقىتتا، قايسى بانكىدىن قانچىلىك قەرز ئالغانلىقى، قەرزنىڭ تۈرى، مۇددىتى ۋە قايتۇرۇش قېتىمى، ھازىرغىچە قايتۇرغىنى، يەنە قالغىنى، ھەر ئايدا قايتۇرۇشقا تېگىشلىكى، ھەر ئايدىكى قەرەلى بويىچە تولۇق قايتۇرۇش ئەھۋالى، ئۇدا بىر نەچچە ئايلىق قەرز قايتۇرماسلىق خاتىرىسى، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىغان قېتىم سانى قاتارلىق ئۈچۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (قوشۇمچىنىڭ 4 ـ سىدىكى «قەرز تەپسىلىي ئۈچۈرى»غا قاراڭ.)

## 31. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قايسى ئىناۋەت كارتىسىنىڭ ئۈچۈرنى يىغىدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى يىغىدىغان ئىناۋەت كارتىسى ئۈچۈرنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، قايسى ئىناۋەت كارتىسىنى بېجىرگەنلىك ۋە ھەر بىر ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلىتىش ئۈچۈرى، شۇنداقلا ئالغان قەرزنى قايتۇرۇش ئەھۋالىدىن ئىبا-

رەت بولۇپ، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسلىقى شەخسنىڭ قايسى ۋاقىتتا قايسى بانكىدىن قانداق ئىناۋەت كارتىسى بېجىرگەنلىكى، كار-تىدىكى ئەڭ يۇقىرى كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان پۇلنىڭ قانچى-لىك (ئىشلىتەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى ئىناۋەت سوممىسى نەچچە پۇل) ئىكەنلىكى، ھازىرقى كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان پۇلنىڭ قانچى-لىك (ئىشلەتكەن ئىناۋەت سوممىسى قانچە پۇل) ئىكەنلىكى، بۇ ئايدا بانكىغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزى، يېقىنقى 24 ئاينىڭ ھەر ئېيىدىكى قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى، ئۇدا بىر نەچچە ئايلىق قەرز قايتۇرماسلىق خاتىرىسى قاتارلىقلارنى يىغىدۇ (قوشۇمچىنىڭ 4-سىدىكى «ئىناۋەت كارتىسى تەپسىلىي ئۇچۇرى»غا قاراڭ).

## 32. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم قەرز ئۇچۇرىنى يىغامدۇ؟

يىغىدۇ. دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم قەرزىنى سودا بانكىسى قا-تارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى دۆلەتنىڭ سىياسىتى بويىچە ئىق-تىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قا-رىتا تارقاتقان شەخسىي ئىناۋەت قەرزى بولۇپ، تارقاتقان كۈنىدىن باشلاپ سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئوقۇش ياردەم قەرزى ۋە قەرزنى قايتۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىق مۇ-ناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزىدۇ.

## 33. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قاچاندىن باشلاپ كىرىدىت ئۇچۇرىنى يىغىشقا باشلىدى؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى 2004-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ شەخسلەرنىڭ كىرىدىت ئۇچۇرىنى يى-غىشقا باشلىدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ياكى قەرزدىن ساقىت بولغان كىرىدىت ئۇچۇرىنى يىغمايدۇ. 2004-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى

قەرزدىن ساقىت بولمىغان ياكى يېڭىدىن پەيدا بولغان كىرىدىت ئۇچۇرىنى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى يەنىلا يىغىدۇ.

## 34. نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ساقىت بولۇپ قالغان كىرېدىت ئۇچۇرۇمنى يەنە يىغىدۇ؟

بەزى دوستلار مەن قەرزنى قايتۇرۇپ بولغان، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلىشى كېرەك ئىدىغۇ، نېمە ئۈچۈن يەنە خاتىرىلىنىدۇ؟ بولۇپمۇ پۇتۇشكەن ۋاقىتتا قەرزنى قايتۇرماي، كېيىن قايتۇرۇش ئەھۋالى سادىر بولغان تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن خاتىرىلىنىدۇ؟ دەپ قارايدۇ.

ئالغان قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىغان ئۇچۇر، يەنى مۇددەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن خاتىرە قەرزنى كېيىن قايتۇرغان بولسىمۇ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا بىر مەزگىل ساقلىنىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇشنىڭ مەقسىتى — شەخسنىڭ ئىلگىرىكى ئىناۋەت پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەش. ئىلگىرى ۋەدىگە ئەمەل قىلغان بولسىڭىزمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغان بولسىڭىزمۇ، بۇ ئۇچۇرلار ئىناۋەت خاتىرىڭىزگە خاتىرىلىنىپ، ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئىشلىتىدىغان سودا بانكىسى قاتارلىق تەرەپنىڭ كەلگۈسىدە سىزنىڭ ئوخشاش ئىشنى سادىر قىلىش ياكى قىلماسلىقىڭىزنى ئالدىن مۆلچەرلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا، سىزنىڭ ئىلگىرىكى قەرز قايتۇرۇش ھەرىكەتلىرىڭىزدە مەيلى نورمال قايتۇرۇڭ ياكى مۇددىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتۇرۇڭ، سىز قەرزدىن ساقىت بولغان بولسىڭىز، بۇ ئۇچۇرنىڭ ھەممىسى شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا ساقلىنىدۇ.

## 35. «باشقىلارنىڭ قەرز ئېلىشىغا كېپىل بولۇش» ئۇچۇرى نېمىشقا يىغىلىدۇ؟

كېپىل بولغۇچى بىلەن كېپىل بولۇنغۇچىنىڭ ھەر ئىككىلىسى

قەرزنى قايتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. كېپىل بولۇنغۇ-چى قەرز ئېلىش توختامىدا بەلگىلەنگەن قەرز قايتۇرۇش مۇددىتى توشسىمۇ قەرز قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان ۋاقىتتا، كېپىل بولغۇچى كېپىل بولغان دائىرىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇڭا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى «باش-قىلارنىڭ قەرز ئېلىشىغا كېپىل بولۇش» ئۇچۇرىنى يىغىپ، كېپىل بول-غۇچىنىڭ ئىناۋەت ھالىتىنى تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئىنكاس قىلىدۇ.

## 36. تېلېگراف قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلار چىقىمىنى تۆ-لەش ئۇچۇرى نېمە ئۈچۈن يىغىلىدۇ؟

شەخسلەر تېلېگراف كارخانىسى ۋە سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز شىركى-تى قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلار ئاپپاراتلىرى تەمىنلىگەن ئالدىن ئىستېمال قىلىپ كېيىن ھەق تۆلەش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولغاندا، ھەر ئايدا تېلېگراف ئالاقىسى ۋە سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەققى قاتارلىق ئام-مىۋى ئىشلارنىڭ ھەقلىرىنى تۆلىشى ماھىيەتتە بىر خىل ئىناۋەت پائالى-يىتىدۇر. ئەگەر بۇ تەرەپتىكى ئۇچۇرلار شەخسنىڭ ئىناۋەت ئارخىپىغا خاتىرىلەنسە، تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئىناۋەت خاتىرىسىگە ئېرىشىپ، شەخسنىڭ ئىناۋەت ھالىتىنى تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئىنكاس قىلغىلى بو-لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەخسنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ھەر قېتىملىق تېلېگراف ھەققى ۋە سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەققى قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلارنىڭ ھەقلىرىنى ۋاقتىدا تۆلىگەن پائالىيەتلىرىنى جۇغلاپ ئىناۋەت بايلىقى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، شەخسلەرنىڭ ئىنا-ۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قىسمەن جايلاردىكى تېلېگراف ئابونتچى-لىرىنىڭ ھەق تۆلەش ئۇچۇرىنى يىغىپ بولدى، بۇ خىزمەت ھازىر پۈ-تۈن مەملىكەت مىقياسىدا كېڭەيتىلىۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا بىر ئادەمنىڭ تېلېگراف ھەققى ۋە سۇ، توك، يې-

قىلغۇ گاز ھەققى قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلارنىڭ ھەقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلىمىگەنلىك ئەھۋالىمۇ خاتىرىلىنىدۇ، ئۇ كەلگۈسىدە پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرىمىزگە نىسبەتەن چەكلەش كۈچى پەيدا قىلىدۇ. بىراق، بۇ چىقىملارنى ۋاقتىدا تۆلىگەنلەر ۋاقتىدا تۆلىمىگەنلەردىن زور دەرىجىدە كۆپ بولغاچقا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ تېلېگراف، سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەققى قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلارنىڭ ھەقلىرىنى تۆلەش ئەھۋالى ئۇچۇرلىرىنى يىغىشى كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## 37. كىشىلەرنىڭ قايسى تېلېگراف ھەققىنى تۆلىگەنلىك ئۇچۇرى يىغىلىدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تېلېگراف كارخانىسى تەمىنلىگەن ئالدىن ئىستېمال قىلىپ كېيىن ھەق تۆلەش شەكلىدىكى مۇلازىمەت بولۇپ، شەخس بەھرىمەن بولغان تېلېگراف ھەققىنى تۆلەش ئۇچۇرىنى يىغىدۇ.

يىغقان ھەق تۆلەش ئۇچۇرى ئاساسەن نورمال ھەق تۆلەش ئۇچۇرى ۋە ھەقنى قەرز قىلغان ئۇچۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نورمال ھەق تۆلەش ئۇچۇرى پەقەت تۆلەش ھالىتىگە چېتىشلىق بولۇپ، كونكرېت سوممىسى يوق. شۇڭا، سىزنىڭ نورمال ھەق تۆلەپ ئاشقان قىسمىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەڭ. ھەقنى قەرز قىلغان ئۇچۇر بولسا، تېلېگراف ئابونتچىلىرى تېلېگراف كارخانىسى ئاي ئاخىرىدىكى تالون چىققان كۈندىن باشلاپ ھېسابلاپ، ئىككى ئاي (60 كۈن) ئۆتكۈزۈۋېتىپمۇ تۆلىمەي سادىر بولغان ھەقنى قەرز قىلغان ئۇچۇرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسنىڭ تېلېگراف قوشۇلما قىممەت كەسپى ھەققى ئۇچۇرىنى يىغمايدۇ.

## 38. ماجىرا تۇپەيلىدىن ھەق تۆلەشنى رەت قىلىشتىن كېلىپ چىققان ھەقنى قەرز قىلغان ئۇچۇر نېمە ئۈچۈن يې- غىلىدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسنىڭ ئىنا- ۋەت ئەھۋالىنى ئەينەن خاتىرىلەيدۇ، شۇڭا شەخسلەر بانكا، تېلېگراف، كۆچمە ئالاقىلىشىش شىركىتى، توك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق تار- ماقلار بىلەن جېدەللىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن ئالاقىدار ھەقلەرنى تۆ- لەشنى رەت قىلسا، بۇنداق ھەقلەرگە قەرز بولۇش ئۇچۇرىمۇ شەخس- لەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا قا- رىتا سىزنىڭ باشقىچە پىكرىڭىز بولسا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىنا- ۋەت خاتىرىلەش مەركىزىگە ئىنكاس قىلسىڭىز، ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدا ھەقلەرگە قەرز بولۇپ قېلىش ئەھۋالىڭىز توغرىسىدا چۈشەنچە بەرسى- ڭىز بولىدۇ.

## 39. شەخسنىڭ جورىسىنىڭ ئۇچۇرى نېمە ئۈچۈن يىغىلىدۇ؟

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، نىكاھ مۇناسىۋىتى بار مەزگىلدە ئېرىشكەن مال-مۈلۈك ئەر-- خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئورتاق ئىلكىدە بولۇپ، بولغان قەرزنى ئەر-خو- تۇن ئىككىسى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەر-خوتۇن ئىككى تەرەپ قا- نۇندا بىر ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، سودا بانكىسى شەخسنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قەرزنى تارقىتىش ياكى تارقاتماسلىقنى بەلگىلىگەندە، بىرلا ۋاقىتتا قەرز ئالماقچى بولغان شەخسنىڭ جورىسىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ. شۇڭا شەخس- لەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسنىڭ جورىسىنىڭ ئى- سىم-فامىلىسى، گۇۋاھنامە نومۇرى، خىزمەت ئورنى، ئالاقىلىشىش تې-

لېفونى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى يىغىدۇ. بۇ ئۇچۇرلارنى سىز سودا بانكى-سىدا كەسىپ بېجىرگەن ۋاقتىڭىزدا بانكىغا مەلۇم قىلغان بولىسىز. شۇڭا، بانكا بىلەن كىرىدىت مۇناسىۋىتى پەيدا بولغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ نىكاھ ئەھۋالىڭىز ۋە جورىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى بانكىغا ئەينەن ئېيتىشىڭىز كېرەك.

## 40. شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى كىرىدىت مۇئامىلە ئۇچۇرى نېمىشقا يىغىلمايدۇ؟

شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى كىرىدىت مۇئامىلە ئۇچۇ-رىنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، كۆچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى قىسقا، توغرىلى-قىغا كاپالەتلىك قىلىش قىيىن بولغاچقا يىغىلمايدۇ. كونىلاردا «ھەر-كىمنىڭ سۆزى ئۆزىگە راست» دېگەن گەپ بار، ئەگەر كىرىدىت سو-دىسىدىكى بىر تەرەپنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار يە-نە بىر تەرەپنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىگە خاتىرىلەنسە، يەنە بىر تەرەپنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇڭا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش تەرەققىياتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلغان ئاساستا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسلەر ئارا كىرىدىت مۇئامىلە ئۇچۇرىنى يىغمايدۇ. ئەگەر شەخسلەر ئارىسىدىكى كىرىدىت سودىسىدا بىر تەرەپ سوت مەھكىمىسىگە يەنە بىر تەرەپ ئۈستىدىن ئەرز قىلسا، سوت مەھكىمىسى جاۋابكار تەرەپنىڭ مەسئۇلىيەتنى ۋە تۆ-لەش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارسا، بۇنداق ئۇچۇرلارنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپ-پاراتلىرى يىغىدۇ. ھازىر جۇڭگو خەلق بانكىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ بۇ تۈردىكى ئۇچۇرلارنى يىغىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈستىدە پى-كىر ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ.

## 41. شەخسنىڭ باشقا جاي ياكى چەت ئەلدىكى كىرىدىت مۇئامىلە ئۇچۇرى يىغىلامدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسنىڭ باشقا جايدىكى كىرىدىت مۇئامىلە ئۇچۇرىنى يىغىدۇ. بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى بانكا تورىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كىرىدىت مۇئامىلە تور نۇقتىلىرىنى قاپلىغان. سىز مەيلى تۇرۇشلۇق جايىڭىزدا ياكى باشقا جايدا بولۇڭ، پەقەت سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن قەرز ئېلىش، ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىش قاتارلىق كىرىدىت سودىسى قىلىشقان بولسىڭىزلا، سىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىڭىزنى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئاپتوماتىك يوللايدۇ.

ھازىرچە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسنىڭ چەت ئەلدىكى كىرىدىت مۇئامىلە ئۇچۇرىنى يىغمايدۇ.

## 42. چەت ئەللىكلەرنىڭ دۆلىتىمىزدىكى كىرىدىت ئۇچۇرى يىغىلامدۇ؟

چەت ئەللىكلەر دۆلىتىمىز ئىچىدە كىرىدىت مۇئامىلە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، مەسىلەن، دۆلىتىمىزدىكى سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن قەرز ئېلىش قاتارلىق كىرىدىت مۇئامىلە كەسپىنى بېجىرسە، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا يوللىنىدۇ.

## 43. دۆلىتىمىزدىكى چەت ئەل مەبلىغىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كىرىدىت ئۇچۇرى يىغىلامدۇ؟

يىغىلىدۇ. «شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ تەلىپى بويىچە، بارلىق سودا بانكىلىرى مەيلى ئېلىمىز مەبلىغىدىكى پۇل مۇ-

ئامىلە ئاپپاراتلىرى بولسۇن، ياكى چەت ئەل مەبلىغىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بولسۇن، پەقەت دۆلىتىمىز ئىچىدىلا بولۇپ، شەخسىي كرېدىت بېجىرسىلا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرنى يوللىشى كېرەك. 2006 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن ۋاقتىتىكى ۋەدىسىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىز چەت ئەل مەبلىغىدىكى بانكىلارغا شەخسىي بانكا كەسپىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋەتتى. هازىر شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى چەت ئەل مەبلىغىدىكى قىسمەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىلەن ئۇلىنىپ بولدى. قەرز ئالغانغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلدى. شەخسىي كرېدىت كەسپىنى بېجىرىپ بولغان ياكى قانات يايدۇرۇشنى پىلانلىغان چەت ئەل مەبلىغىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىمۇ هازىر مۇناسىۋەتلىك كەسپ ۋە تېخنىكا جەهەتتە پائال تەييارلىق قىلىپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بىلەن تور هاسىل قىلىۋاتىدۇ هەم ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى يوللاۋاتىدۇ.

## 44. مەن قەرز ئالمىغان تۇرسام هەم قەرز ئېلىش نىيىتىممۇ يوق تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۇچۇرۇمنى يىغىدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇشنىڭ بىر ئاساسىي مەقسىتى، ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان هەر بىر ئادەمنىڭ شەخسىي ئىناۋەت ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش، شەخسنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت، يەنى سىز قەرز ئالمىغان بىلەن سىزنىڭ باشقا ساهەدە ئىناۋەت ئۇچۇرىڭىز بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئۇچۇرنى توپلاپ بۇرۇنراق ئىناۋەت خاتىرىسى تۇرغۇزۇلسا، سىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىڭىزگە قولايلىق يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

### 45. نېمە ئۈچۈن شەخسلەرنىڭ پۇل ئامانەت قويغان ئۇچۇرنى يىغمايدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ مەركىزىي ئۇچۇرى شەخسنىڭ قەرز ئۇچۇرى بولۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قەرز ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى شەخسىي كرېدىت بازىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. شەخس ئامانەت قويغان پۇل شەخسنىڭ مال-مۈلكى بولۇپ، ئىناۋەت خاتىرىلەش دائىرىسىگە تەۋە ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سودا بانكىسى قانۇنى» قاتارلىق قانۇن-بەلگىلىمىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە، سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پۇل ئامانەت قويغان شەخسنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاپ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ شەخسىي پۇل ئامانىتىنى سۈرۈشتۈرۈش، توڭلىتىش، تۇتۇپ قېلىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ. شۇڭا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسلەرنىڭ پۇل ئامانەت قويغان ئۇچۇرنى يىغمايدۇ.

### 46. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قانچىلىك ۋاقىتتا بىر قېتىم ئۇچۇر يېڭىلايدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھەرقايسى ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ ئۆز كەسپىدىكى دەۋرى بويىچە ئۇچۇر يېڭىلايدۇ، يەنى ھەرقايسى تارماقلاردىكى يېڭىلىنىش ۋاقتى بويىچە يېڭىلىنىدۇ. ئادەتتە قەرز ئېلىش قاتارلىق دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۇچۇر ئاي بويىچە يېڭىلىنىدۇ. تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭىلاش تېزلىكى تەدرىجىي ئاشۇرۇلىدۇ.

### 47. شەخسلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى قانداق قوغدىلىدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئىشلەش جەريانىدا شەخسلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمى-

يەت بېرىدۇ. سانلىق مەلۇمات يىغىش جەھەتتە، جۇڭگو خەلق بانكىسىـ
نىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى قانۇنىي يوللار ئارقىلىق شەخسلەرـ
نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى يىغىدۇ، سانلىق مەلۇماتنى يىغىش دائىرىسىـ
نى ئېنىق بېكىتىدۇ، ئىناۋەتكە مۇناسىۋەتسىز بولغان شەخسىي مەخپىـ
يەتلىك، مەسىلەن، كېسەللىك تارىخى، بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ
قالدۇق سوممىسى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى يىغمايدۇ، شۇڭا شەخسىي مەخـ
پىيەتلىككە چېقىلمايدۇ.

سانلىق مەلۇماتنى ئىشلىتىش جەھەتتە، يىغىپ ئامبارغا كىرگۈزۈلـ
گەن سانلىق مەلۇماتقا قارىتا، جۇڭگو خەلق بانكىسى ھوقۇق بېرىپ
سۈرۈشتۈرۈش، ئىشلىتىلىشكە چەك قويۇش، بىخەتەرلىككە كاپالەتـ
لىك قىلىش، خاتىرىنى سۈرۈشتۈرۈش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلـ
غانلارنى جازالاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەخسلەرنىڭ مەخـ
پىيەتلىكى ۋە ئۇچۇر بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ. سودا بانكىسىدىكى ئالاـ
قىدار ئادەم يازمىچە ھوقۇق بەرگەندىن كېيىن قەرز ئېلىش، ئىناۋەت
كارتىسى بېجىرىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرگەن ياكى شەخسنىڭ كېپىل
بولۇشنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق قاتارلىق شەخسىي كرېدىت
كەسپىنى تەكشۈرگەن، شۇنداقلا شەخسكە بەرگەن قەرز ۋە ئىناۋەت
كارتىسىنىڭ خەۋپ-خەتىرىگە قارىتا ئىز قوغلاپ باشقۇرۇش ئېلىپ
بارغاندا، ئاندىن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى
تەكشۈرەلەيدۇ.

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى يەنە شەخسلەرنىڭ
ئىناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرگەن سودا بانكىسىنىڭ كرېدىت خادىملىرى
(سانلىق مەلۇمات ئابونتچىسى) نى باشقۇرىدۇ، ھەر بىر ئابونتچى بۇ
سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگەندە تىزىمغا ئالدۇرىدۇ، شۇنداقلا
كومپيۇتېر سىستېمىسى يەنە ھەر بىر ئابونتچىنىڭ ھەر قېتىملىق ئىناـ
ۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش مەشغۇلاتىنىڭ ئىزىنى ئاپتوماتىك چۈـ
شىدۇ ۋە خاتىرىلەيدۇ. سودا بانكىسى ئەگەر بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىـ
لىپ شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە ياكى سۈرۈشتۈـ

رۇش نەتىجىسى بەلگىلەنگەن دائىرىدىن سىرت باشقا جايغا ئىشلىتىلسە، تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي جازا قويۇلىدۇ. جىنايەتكە چېتىلىپ قالسا، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلىدۇ.

## 48. ئۇچۇرنىڭ بىخەتەرلىكىگە قانداق كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۈزۈم ۋە تېخنىكىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن ئۇچۇرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

تۈزۈم جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش. جۇڭگو خەلق بانكىسى «شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقاتتى. بۇنىڭ 5-بابىدىكى «بىخەتەر باشقۇرۇش» قىسمىدا مەخسۇس سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ نورمال ئىشلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىغا قارىتا تەپسىلىي بەلگىلىمە بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو خەلق بانكىسى يەنە سودا بانكىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلارنى يوللاش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالىغا قارىتا قەرەلسىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، مەسىلە بايقالسا ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىدۇ. تۈزۈم ۋە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش جەھەتتە شەخسىي ئۇچۇرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

تېخنىكا قائىدىسى بويىچە قوغداش. شەخسىي ئۇچۇر مەخسۇس لىنىيە ئارقىلىق سودا بانكىسى قاتارلىق ئاپپاراتلاردىن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىدىكى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ جەريانغا ھېچقانداق ئادەم ئارىلاشماي، كومپيۇتېردا ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. پۈتكۈل شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى سىستېمىسىغا كومپيۇتېر ۋىرۇسىنىڭ ۋە خەيكېرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىدىغان ئىلغار بىخەتەرلىك سىستېمىسى ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى يەنە نۇرغۇن تېخنىكىلىق

كاپالەت تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تەكشۈرگۈچىنىڭ سالاھىيىتى، تەكشۈرۈش مەقسىتى ۋە تەكشۈرۈش دائىرىسىنى تەكشۈرىدۇ. بۇ تەدبىرلەر شەخسلەرنىڭ ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## 49. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا قاتنىشىشىغا نېمە ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىش كەتمەيدۇ؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يىغىدىغان بولغاچقا، شەخسلەرنىڭ ئىلتىماس قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولمايدۇ. سودا بانكىسىدا ھېساباتى ئېچىلغان مۇئامىلىدار ياكى بانكا بىلەن كرېدىت سودىسى قىلغان شەخسنىڭ ھەممىسى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا قاتنىشىدۇ.

> *بىلىۋېلىڭ: جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ 2003-يىلى ئېلان قىلغان «خەلق پۇلى بانكا راسچوت ئىسچوتىنى باشقۇرۇش چارىسى»غا ئاساسەن، راسچوت ئىسچوتى بانكىنىڭ پۇل ئامانەت قويغۇچى ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن، مەبلەغنى كىرىم-چىقىم بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىدا راسچوت بېجىرىدىغان، خەلق پۇلى ئىشلىتىدىغان قەرەلسىز ئامانەت ئىسچوتىنى كۆرسىتىدۇ.*

## 50. ئېلىمىزنىڭ شەخسلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداشقا دائىر قانداق قانۇن-قائىدىلىرى بار؟

ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن قانۇن-قائىدىلىرىدە شەخسىي سىرنى قوغداشقا دائىر ۋاستىلىك، پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. كونكرېت مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 38-، 39-، 40-ماددىسىدا كىشىلىك ئىززەت-ئابرۇيى، تۇرالغۇ، ئالاقىلىشىش ئەركىنلىكى ۋە ئالاقىلىشىش مەخپىيەتلىكىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى، بۇ ئېلىمىز قانۇنلىرىنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقىنى قوغداشتىكى ئەڭ تۈپكى ئاساسىدۇر. 38-ماددىسىدا «جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ئابرۇيى دەخلى-تەـ
رۇزغا ئۇچرىمايدۇ، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن پۇقرالارنى كەمسىتىشكە،
ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاشقا ۋە قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىشقا بولمايـ
دۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 39-ماددىسىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
پۇقرالىرىنىڭ تۇرالغۇسى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىمايدۇ، پۇقرالارنىڭ
تۇرالغۇسىنى قانۇنسىز ئاقتۇرۇش ۋە قانۇنسىز بېسىپ كىرىشكە يول قوـ
يۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 40-ماددىسىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىـ
يىتى پۇقرالىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئەركىنلىكى ۋە ئالاقىلىشىش سىرلىرى
قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى جىنايى ئىشلار دېـ
لولىرىنى تەكشۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىـ
رى ياكى تەپتىش تارماقلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئالاـ
قىلىشىشقا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن سىرت، ھەرقانداق
تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ھەرقانداق باھانە-سەۋەب بىلەن پۇقرالارـ
نىڭ ئالاقىلىشىش ئەركىنلىكى ۋە ئالاقىلىشىش سىرىغا دەخلى يەتكۈـ
زۈشىگە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نىڭ
60-ماددىسى 2- تارمىقىدا «ئالاقىدار تەرەپتىكى ئادەملەر سەمىمىي،
ئىشەنچلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، توختامنىڭ خاراكتېرى،
نىشانى ۋە سودا ئادىتىگە ئاساسەن ئۇقتۇرۇش، ھەمكارلىشىش، سىر
ساقلاش قاتارلىق مەجبۇرىيەتنى ئىجرا قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنـ
گەن. 60-ماددىسىدا يەنە «ئالاقىدار ئادەملەر كېلىشىم بويىچە ئۆزىنىڭ
مەجبۇرىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئالاقىدار ئادەملەر
سەمىمىي، ئىشەنچلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، توختامنىڭ
خاراكتېرى، نىشانى ۋە سودا ئادىتىگە ئاساسەن، ئۇقتۇرۇش، ھەمكارلىـ
شىش، سىر ساقلاش قاتارلىق مەجبۇرىيەتنى ئىجرا قىلىشى كېرەك»
دەپ بەلگىلەندى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سودا بانكىسى قانۇنى»نىڭ 5-، 29-، 30- ۋە 53-ماددىسىدىمۇ سودا بانكىسىنىڭ مۇئامىلىدارلارنىڭ سىرىنى ساقلاش مەجبۇرىيىتى بەلگىلەنگەن. 5-ماددىسىدا «سودا بانكىسى مۇئامىلىدارلار بىلەن بولغان كەسپىي ئالاقىدە باراۋەر، ئىختىيارىي، ئادىل ۋە سەممىي، ئىشەنچلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. 29-ماددىسىدا «سودا بانكىسى شەخسىي پۇل ئامانەت كەسپىنى بېجىرگەندە، ئامانەت قويۇشتا ئىختىيارىي بولۇش، ئېلىشتا ئەركىن بولۇش، ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈمى بولۇش، پۇل ئامانەت قويغۇچىنىڭ سىرىنى ساقلاش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. سودا بانكىسىنىڭ ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى سۈرۈشتۈرۈش، توڭلىتىۋېتىش، تۇتۇپ قېلىشنى رەت قىلىش ھوقۇقى بار، قانۇندا باشقا بەلگىلىمە بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ بەلگىلەنگەن. 30-ماددىسىدا «سودا بانكىسىنىڭ ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئامانەت پۇلنى سۈرۈشتۈرۈشنى رەت قىلىش ھوقۇقى بار، قانۇندا باشقا بەلگىلىمە بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئورۇننىڭ ئامانەت پۇلىنى سۈرۈشتۈرۈش، توڭلىتىۋېتىش، تۇتۇپ قېلىشنى رەت قىلىش ھوقۇقى بار، قانۇندا باشقا بەلگىلىمە بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ بەلگىلەنگەن. 53-ماددىسىدا «سودا بانكا خىزمەتچىلىرى خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە پىششىق بىلىدىغان دۆلەت مەخپىيىتى ۋە سودا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلىشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو خەلق بانكىسى يەنە «شەخسنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»، «شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئابونىچىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شەخ-

سى ئىنە پىكىردە بولۇشنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى» قاتارلىق بىر
قاۋەت سانلىق.مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئۇچۇرغا باشقىچتار قائىدە-تۈزۈم-
نى تۈزۈپ، شەخسنىڭ ئۇچۇرىنى يىغىش، ساقلاش ۋە ئىشلىتىش قا-
تارلىقلارنى قېلىپلاشتۇردى. ھوقۇق بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش، ئىشلىتىل-
شىگە چەك قويۇش، بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، خاتىرىسىنى
تەكشۈرۈش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاش قاتارلىق تەد-
بىرلەرنى بەلگىلەپ، شەخسىي مەخپىيەتلىك ۋە شەخسىي ئۇچۇرنىڭ
بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغدايدۇ.

## ئۈچىنچى قىسىم

# شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ سىرى

ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن «ئىناۋەت ئارخىپى» تۇرغۇزىدۇ، بۇ ئارخىپ يەنە «شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ «ئىقتىسادىي كىملىكى» بولۇپ، ئۇ بولسىلا قەرز ئېلىش، خىزمەت ئىزدەش، ئۆي ئىجارىگە ئېلىش قاتارلىق نۇرغۇن پائالىيەتلەردە قارشى تەرەپ سىزنى ئاسانلا چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ، سىزگە قولايلىق يارىتىلىدۇ. بۇ قىسىمدا سىز بىلەن بىرلىكتە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى قانداق سۈرۈشتۈرۈش كېرەكلىكى، ئىناۋەت دوكلاتىغىزنى كىمنىڭ، قانداق ۋاقىتتا كۆرەلەيدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنىڭ قانۇنسىز ئىشلىتىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمىز.

### 51. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى قايسى ئورۇن چىقىرىدۇ؟

نۆۋەتتە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى مەملىكەت دائىرىسىدە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى چىقىرىدۇ.

### 52. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ قانچە خىل نۇسخىسى بار؟

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى بانكىنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسى ۋە شەخسنىڭ سۈرۈشتۈرۈش نۇسخىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل نۇسخىدىكى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن

تەمىنلەيدۇ. بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى يىغقان شەخسكە مۇناسىۋەتلىك ئىناۋەت ئۇچۇرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاس قىلىشتۇر. ئاساسلىق پەرقى بولسا، بانكىنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسى سودا بانكىسىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دوكلاتنىڭ كىرىدىت مۇئامىلە ئۇچۇرىدا تەكشۈرگۈچى ئاپپاراتتىن باشقا قەرز بەرگەن ياكى كىرىدىت بەرگەن ئاپپاراتنىڭ نامى ئاشكارىلانمايدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت، مۇئامىلە مەخپىيەتلىكى ۋە ئادىل رىقابەتلىشىشنى قوغداش ئۈچۈندۇر. شەخسنىڭ سۈرۈشتۈرۈش نۇسخىسى ئۆزىنىڭ سۈرۈشتۈرۈپ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىنلىنىدىغان بولۇپ، بۇ نۇسخىسدا قەرز بەرگەن بانكا قاتارلىق كىرىدىت بەرگەن ئاپپاراتنىڭ ھەممىسى ئاشكارىلىنىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ:** ئىناۋەت بەرگەن ئاپپارات سىزنى كىرىدىت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەن ئاپپاراتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىزگە قەرز بەرگەن سودا بانكىسى، نېسىگە سېتىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، ئالدىن ئىستېمال قىلىپ ئاندىن ھەق تۆلەش مۇلازىمى بىلەن تەمىنلەيدىغان تېلېگراف قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلار ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## 53. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

پەيدا بولۇش شەكلى ئوخشىمايدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولسا، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى سودا بانكىسى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى قاتارلىقلاردىن ئىگىلىگەن شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى خۇلاسىلەپ، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق قايتىدىن تەشكىللەپ شەكىللەندۈرگەن بىر ھۆججەتتۇر. شەخسىي ئىناۋەت تەكشۈرۈش دوكلاتى بولسا، مەخسۇس ئىناۋەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتى مۇئامىلىدارنىڭ ھاۋالىسىگە

ئاساسەن قانۇن بويىچە ئۇچۇر سۈرۈشتۈرۈش، زىيارەت قىلىش ۋە نەق مەيداننى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ شەكىللەندۈرگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىدۇر.

مەزمۇنى ئوخشىمايدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ نېگىزى بولسا، شەخس بىلەن سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىرېدىت مۇئامىلە ئۇچۇرىدۇر. شەخسىي ئىناۋەت تەكشۈرۈش دوكلاتى، شەخسنىڭ كىرېدىت ساھەسىدىن سىرتقى ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئاساسلىق خاتىرىلەيدۇ.

ئىشلىتىلىشى ئوخشىمايدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى ئاساسلىقى كىرېدىت بازارلىرىغا ئىشلىتىلىپ، سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ شەخسنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاساسلىقى ھاۋالە قىلغۇچى باشقىلارنى كىرېدىت بىلەن تەمىنلەش، قەرەللىك ئۆتۈپ كەتكەن ھېسابتىكى پۇل ۋە ئىقتىسادىي ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىش، سودا شېرىكىنى تاللاش، كېلىشىم ئىمزالاش قاتارلىق جەھەتلەردە تەدبىر بەلگىلەش جەريانىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىرىدىغان ئاپپارات ئوخشىمايدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى مەملىكەت دائىرىسىدە شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى چىقىرىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت تەكشۈرۈش دوكلاتىنى كەسپلەشكەن ئىناۋەت تەكشۈرۈش شىركەتلىرى چىقىرىدۇ.

## 54. قەرز ئالمىغان ئادەمنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولامدۇ؟

ھازىر ئومۇمەن بانكا بىلەن كىرېدىت مۇناسىۋىتى بولغان ياكى شەخسىي راسچوت ئىسچوتى بېجىرگەن شەخسنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بار. بۇنىڭدىن باشقا، شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قىس-

مەن جايلاردىكى شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي فوند ئۇچۇرى، شەخسلەر قاتناشقان ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ئۇچۇرى ۋە تېلېگراف ئابونىچىلىرىنىڭ ھەق تۆلەش ئۇچۇرىنى يىغىدىغان بولغاچقا، بۇ ئۇچۇرغا چېتىلغان شەخسلەردە سودا بانكىسى بىلەن كىرېدىت مۇناسىۋىتى يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بار. ئوخشاشمايدىغىنى شۇكى، شەخسنىڭ ئىناۋەت پائالىيەتلىرى ئوخشاشمىغاچقا، ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى كۆپ ياكى ئاز بولىدۇ، ئىناۋەت پائالىيەتلىرى نىسبەتەن كۆپ بولغان شەخسنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى تەبىئىيلا كۆپ بولىدۇ، ئىناۋەت پائالىيەتلىرى نىسبەتەن ئاز بولغان شەخسنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى مۇناسىپ ھالدا ئاز بولىدۇ.

## 55. دېھقانلارنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولامدۇ؟

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇشنىڭ مەقسىتى – دېھقان قېرىنداشلارنى ئۆز يۇرتىدا توپلىغان ئىناۋەت خاتىرىسىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ ئىشلەيەلەيدىغان ۋە شەھەرگە كىرىپ راۋاج تاپالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى كەڭ يېزا-قىشلاقلارنى قاپلاپ بولدى، سودا بانكىسى، ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن قەرز ئېلىپ باققان ياكى شەخسىي راسچوت ئىسچوتى بېجىرگەن دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ دوكلاتنى قەيەرگە بارسا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

## 56 ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرگىلى بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە بولىدۇ، بۇ ئىناۋەت دوكلاتى سۇبيېكتىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىدۇر. «شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»دا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ

ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى شەخسنى ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى بېكىتىلگەن.

## 57. ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى قەيەردە سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ؟

سىز جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىگە ياكى ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرسىڭىز بولىدۇ.

## 58. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى قانداق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، سۈرۈشتۈرگەن ۋاقىتتا قانداق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيمىز؟

بۇنى ئۆزىڭىز بېرىپ سۈرۈشتۈرىسىز. سۈرۈشتۈرگەندە ئۆزىڭىزنىڭ ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتىڭىزنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئېلىۋالسىڭىزلا بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى سۈرۈشتۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قالدۇرىسىز. ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتى كىملىك، ئوفىتسېرلىق گۇۋاھنامىسى، ئەسكەرلىك كىنىشكىسى، پاسپورت، شاڭگاڭ، ئاۋمېن ئاھالىلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كېلىپ - كېتىش يول خېتى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كېلىپ - كېتىش يول خېتى، چەت ئەللىكلەرنىڭ تۇرۇپ قېلىش كىنىشكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، سۈرۈشتۈرگەندە شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى ئۆزى سۈرۈشتۈرۈش ئىلتىماس جەدۋىلىنى ئەينەن تولدۇرىسىز.

## 59. باشقا جايدا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولامدۇ؟

سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ تورى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۇتاشقان بو-

لۇپ، قەيەردە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، شۇ جايدىكى خەلق بانكىسىنىڭ تارماق ئاپپاراتىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرەلەيسىز.

## 60. نېمە ئۈچۈن ئىنتېرنېت توردا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى بىۋاسىتە سۈرۈشتۈرگىلى بولمايدۇ؟

سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، شەخسىي مەخپىيەتلىكنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئىنتېرنېت تورىغا تۇتاشتۇرۇلمىغان. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى بىۋاسىتە زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرەلمەيدۇ.

بىراق، چەت ئەلدە شەخسلەر ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىغا ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئىلتىماسىنى تاپشۇرىدۇ. ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، پوچتا يوللانمىسى يوللاش، پوچتىدىن ئەۋەتىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئىلتىماس قىلغۇچىنى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىمۇ ھازىر مۇشۇنداق مۇلازىمەتنى يولغا قويۇشنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ.

## 61. سۈرۈشتۈرۈش قېتىم سانىنىڭ چېكى بارمۇ؟

يوق. بىراق سۈرۈشتۈرۈش قېتىم سانى كۆپ بولۇپ كەتسە بەلگىلىك ھەق تۆلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىناۋەت خاتىرىلەش بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىنى مىسالغا ئالساق، بۇ دۆلەتنىڭ «ئادىل ئىناۋەت دوكلاتى قانۇنى»دا شەخسنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتى ھەر يى-

لى شەخسكە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ، بىر قېتىملىق تەشەببۇسكار-لىق بىلەن سۈرۈشتۈرۈشتىن ئاشۇرۇۋەتسە، بەلگىلىك ھەق تۆلەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

## 62. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە ھەق ئېلىنامدۇ؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش بولسا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى تەمىنلەيدىغان بىر خىل مۇلازىمەت بولۇپ، پىرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا بەلگىلىك ھەق ئېلىش كېرەك ئىدى، بىراق ھازىر ۋاقىتلىق ھەق ئېلىنمايدۇ.

## 63. نېمە ئۈچۈن شەخسنىڭ سودا شېرىكىنى ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولسا شەخسنىڭ «ئىقتىسادىي كىملىك»ى بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ ئىناۋەت تارىخىنى ئوبيېكتىپ خاتىرىلەيدۇ، شەخسلەر ئۆزىنىڭ مۇئامىلە شېرىكىنى ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەپ بەرسە، مۇئامىلە شېرىكى ئۇنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى تېز، ئونۇملۇك چۈشىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ تېزدىن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، تېزدىن سودىلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز ئالغان قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرىدىغان، كېلىشىمگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلىدىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا، سىزنىڭ بۇ ئىناۋەت دوكلاتىڭىز سىزگە تېخىمۇ كۆپ مۇئامىلە پۇرسىتى يارىتىشى مۇمكىن.

## 64. باشقىلار سىز تەمىنلىگەن ئىناۋەت دوكلاتىغا ئىشەنمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەگەر باشقىلار سىز تەمىنلىگەن ئىناۋەت دوكلاتىغا ئىشەنمىسە، سىز ئۇنىڭغا ھوقۇق بېرىڭ. ئۇ سىزگە ۋاكالەتچى بولۇپ، جۇڭگو

خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ سىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ.

سۈرۈشتۈرگەندە تۆۋەندىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش كېرەك:

(1) هاۋالە قىلغۇچى (ئۆزىڭىز) ۋە ۋاكالەتچى (مەسىلەن، سىزنىڭ سودىدىكى ھەمكارلىشىدىغان شېرىكىڭىز) نىڭ ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بىلەن تەمىنلەيسىز، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇپ قويىسىز.

(2) سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى ئۆزىڭىز ئىمزا قويغان ھاۋالىنامە.

(3) ۋاكالەتچى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى ئۆزى سۈرۈشتۈرۈش ئىلتىماس جەدۋىلىنى ئەينەن تولدۇرىدۇ.

## 65. باشقىلارغا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرگۈزۈش ئۈچۈن قانداق قىلىمەن؟

ئەگەر جۇڭگو خەلق بانكىسىغا شەخسەن ئۆزىڭىز بېرىپ ئىناۋەت خاتىرىسىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قولايسىز بولۇپ قالسا، باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ (تۆۋەندە ۋاكالەتچى دەپ ئېلىنىدۇ)، ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرسىڭىز بولىدۇ. ۋاكالەتچى سىزنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى ئىمزا قويغان ھاۋالىنامە، سىزنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئېلىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ سىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

## 66. مەن باشقىلارنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرەلەمدىمەن؟

باشقىلار ھوقۇق بەرمىگەن ئەھۋالدا، ھەرقانداق شەخس باشقىلار-

نىڭ ئۆناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرەلمەيدۇ. بىراق، سىز باشقىلارنىڭ ھوقۇق بېرىشىگە ئېرىشسىڭىز، ۋاكالەتچى بولۇپ ئۆزىڭىز ۋە ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى، ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى ئىمزا قويغان ھاۋالىنامىسىنى ئېلىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۆناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئۆناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرەلەيسىز.

## 67. مەن تۇغقانلىرىم (جورام، پەرزەنتىم) نىڭ ئۆناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرەلەمدىمەن؟

سىز يەنىلا تۇغقانلىرىڭىز (جورىڭىز، پەرزەنتىڭىز) نىڭ ھوقۇق بېرىشىگە ئېرىشسىڭىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرەلەيسىز، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۇسۇلى ئالدىنقى تۆردىكى باشقىلارنىڭ ئۆناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە بولىدۇ.

## 68. شەخسىي ئۆناۋەت دوكلاتىنى ئەڭ كۆپ سۈرۈشتۈرىدىغان ئاپپارات قايسى؟

سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى شەخسىي ئۆناۋەت ئۇچۇرى بىلەن ئاساسلىق تەمىنلىگۈچى ۋە ئىشلەتكۈچى، شۇنداقلا شەخسىي ئۆناۋەت دوكلاتىنى ئەڭ كۆپ سۈرۈشتۈرىدىغان ئاپپاراتتۇر.

## 69. بانكا قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قانداق ئەھۋالدا شەخسىي ئۆناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ؟

«شەخسىي ئۆناۋەت ئۇچۇر ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سودا بانكىسى شەخسنىڭ پۇل قەرز ئېلىش، شەخسنىڭ كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا، غەيرىي رەسمىي كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا، شەخسنىڭ كېپىل بولغۇچى بولۇش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن-

دە، شەخسلەرگە تارقىتىلىپ بولۇنغان قەرز پۇلغا نىسبەتەن، قەرز بەر-
گەندىن كېيىنكى خەۋپ-خەتىرىنى باشقۇرغاندا، قانۇنىي ئىگە، باشقا
تەشكىلاتلارنىڭ قەرز ئېلىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغاندا، كېپىل بول-
غۇچى قانۇنىي ۋەكىل ۋە مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈشى زۆرۈر بولسا، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە
بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قەرز بەرگەندىن كېيىنكى خەۋپ-خەتىرىنى
باشقۇرغاندا، تەكشۈرۈلىدىغان ئادەمنىڭ يازمىچە قوشۇلۇشىغا ئېرىشىش
ھاجەتسىز بولغاندىن سىرت، باشقا كەسىپ بېجىرىشكە شەخسنىڭ ئى-
ناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرۈش لازىم بولسا، چوقۇم تەكشۈرۈلىدىغان ئا-
دەمنىڭ يازمىچە ھوقۇق بېرىشكە ئېرىشىش كېرەك.

**بىلىۋېلىڭ:** كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا بولسا،
كىشىلەر دائىم دەيدىغان ئىناۋەتلىك كارتىدۇر. ئۇ كارتا تارقىتى-
دىغان ئاپپارات ئىمزا قويۇپ تارقىتىدىغان بىر خىل دوكۇمېنت
بولۇپ، كارتا ئىگىسىنىڭ ئىناۋەت نورمىسىنىڭ بىر قىسمىنى يا-
كى ھەممىسىنى دەۋرىي ھالدا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.
ئىشلىتىپ بولغان ئىناۋەت نورمىسىنى قايتۇرغاندىن كېيىن، كار-
تا تارقىتىدىغان ئاپپارات كارتا ئىگىسىنىڭ ئىناۋەت نورمىسىنى
ئاپتوماتىك ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. دۆلەت ئىچىدە يەنە بىر خىل
غەيرىي رەسمىي كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا بار بولۇپ،
كارتا ئىگىسى ئالدى بىلەن بەلگىلىك زاپاس سومما (كاپالەت پۇ-
لى) تاپشۇرىدۇ. زاپاس سومما قالدۇقى تۆلەشكە يەتمىگەندە،
بەلگىلىك نورمىدا كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنىدۇ. بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە دېبىت خاتىرىلىنىدىغان  كارتا دەيدىغان بىر خىل
بانكا كارتىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئالدىن پۇل تۆلەپ
ئاندىن ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم
قىلىنمايدۇ.

## 70. سودا بانكىسى خۇسۇسىي كارخانىنىڭ كىرېدىت ئىلتىماسىنى تەكشۈرگەندە، خوجايىنىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە بولامدۇ؟

بولىدۇ. خۇسۇسىي كارخانا، بولۇپمۇ چەكسىز مەسئۇلىيەت كارخانىسىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنىڭ بۇ كارخانىنىڭ خوجايىنى ياكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالى بىلەن ئىنتايىن باغلىنىشلىقى بار. بۇ كارخانىنىڭ خوجايىنى ياكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش سودا بانكىسىنىڭ بۇ كارخانىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈم چىقىرىشىغا پايدىلىق. سودا بانكىسىنىڭ كىرېدىت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كىرېدىت خەۋپ-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سودا بانكىسى خۇسۇسىي كارخانىنىڭ قەرز پۇل ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان چاغدا، بۇ كارخانىنىڭ خوجايىنى ياكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچىنىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن كارخانىنىڭ خوجايىنى ياكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ.

## 71. سودا بانكىسىنىڭ ھەرقانداق خىزمەتچىسى مۇئامىلىدارلارنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرسە بولامدۇ؟

سودا بانكىسىنىڭ ھەممە خىزمەتچىسى مۇئامىلىدارلارنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرسە بولۇۋەرمەيدۇ. سودا بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم، بەلگىلىمىلىرى بويىچە مەخسۇس خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىپ، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە مەخسۇس ئادەم بېكىتىدۇ. سودا بانكىسىدىكى ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرىدىغانلار خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

## 72. باشقا ئاپپاراتلار قانداق ئەھۋالدا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ؟

سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن باشقا، شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى بارغانسېرى كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەكتە. ھازىر قىسمەن جايلار خەلق ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرگەندە، بىر قىسىم ئورۇنلار مەمۇرىيلارنى قوبۇل قىلغان ۋە ۋەزىپىگە قويغاندا، قىسمەن كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار مالىيە قاتارلىق ئالاھىدە ئىش ئورنىغا خىزمەتچى خادىم قوبۇل قىلغاندا، تەكشۈرۈلىدىغان نامزاتنىڭ سالاھىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش ئۈچۈن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ئاپپاراتلارنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈشى ئۇچۇن چوقۇم تەكشۈرۈلگۈچى ھوقۇق بەرگەن بولۇشى كېرەك، ھوقۇق بېرىش ئۇقتۇرۇش خاراكتېرلىك بولسا بولىدۇ. مەسىلەن، ئوچۇق-ئاشكارا قوبۇل قىلىش چارىسى ياكى ۋەكىل سالاھىيىتىدىكى تەلەپتە تەكلىپ قىلىنغۇچى ياكى نامزات ۋەكىلنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىۋاسىتە ئەسكەرتسە بولىدۇ، ئالاھىدە يازمىچە ھوقۇق بېرىلىشمۇ بولىدۇ.

## 73. باشقىلارنىڭ ئىجازىتىڭىزنى ئالمايلا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرگەنلىكىنى بايقىسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

باشقىلارنىڭ ئىجازىتىڭىزنى ئالمايلا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرگەنلىكىنى بايقىسىڭىز، دەرھال جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى ياكى شۇ جايدىكى خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقى بىلەن ئالاقىلىشىڭ ھەمدە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىڭ. «شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇر ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سودا بانكىسى ۋە باشقا ئاپپاراتلاردىن بەلگىلىمە-

گە خىلاپلىق قىلىپ، شەخسنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرگەنلەر تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ ھەمدە 10 يۈەندىن يۈقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، جىنايەتكە چېتىلىپ قالغانلار مۇناسىۋەتلىك ئەدلىيە تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

## 74. ئەدلىيە تارماقلىرى قانداق ئەھۋالدا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ؟

ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ دېلونى تەكشۈرۈشكە ماسلىشىش بولسا ھەر بىر پۇقرا ۋە ئاپپاراتنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. بۇ مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، «جۇڭگو خەلق بانكىسى ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش كەسپىي مەشغۇلاتىنى باشقۇرۇش نىزامى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ناھىيە دەرىجىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەدلىيە تارماقلىرى ۋە باشقا قانۇن-بەلگىلىمىلەر بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇق دائىرىسىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئەدلىيە ئورگانلىرى دەپ ئېلىندى) شۇ جايدىكى خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ، دېلوغا چېتىشلىق ئالاقىدار خادىمنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئەدلىيەلىك سۈرۈشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغاندا تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى تاپشۇرىدۇ:

(1) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ئالاقىسى ياكى تونۇشتۇرۇش خېتى (ئەھۋال چۈشەندۈرۈش ۋە سۈرۈشتۈرۈش سەۋەبى، سۈرۈشتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپات نومۇرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

(2) ئەدلىيەلىك سۈرۈشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغان خىزمەت بېجىرگۈچىنىڭ خىزمەت كىنىشكىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى.

(3) ئەدلىيەدىن سوٚروٚشتۇروٚشنى ئىلتىماس قىلغان خىزمەت بىر-جىرگوٚچى «شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى ئەدلىيىلىك سوٚروٚشتۇروٚش ئىلتىماس جەدۋىلى»نى ئەينەن تولدۇرىدۇ.

## 75. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى نېمە ئۇچۇن ئەدلىيە ھۆكۇمىنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ قانۇنىي كۈچى يوق بولۇپ، ئەدلىيە ئىسپاتى بولالمايدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى ئۇچۇرلار سودا بانكىسى ۋە ئالاقىدار ھۆكۇمەت تارمىقىدىن كەلگەن بولۇپ، دەسلەپكى سانلىق ئاساس بولمىغاچقا، ئەدلىيە تەكشۈرۈشىدە پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ، ئەدلىيە ھۆكۇمىنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ، ئۇچىنچى ئادەمگە قارشى تۇرۇشقا بىۋاستە ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ.

## تۆتىنچى قىسىم

# ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى ئوقۇپ چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىش

نۇرغۇن كىشىلەر ئىناۋەت دوكلاتىنى مۇرەككەپ، چۈشىنىش قىيىن دەپ ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولسا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى شەخسنىڭ پۇل قەرز ئېلىش، ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلىتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئىناۋەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇچۇرىنى خاتىرىلەيدىغان بولۇپ، نۇرغۇن كەسپىي ئاتالغۇلارغا چېتىلىدۇ، گەرچە ھەممە ئادەم بۇ سۆزلۈكلەرنى ئانچە-مۇنچە چۈشەنگەن بىلەن، بىراق ئۇنى تولۇق چۈشىنىشكە توغرا كەلگەندە بەلكىم بەزى كەسپىي خادىملارمۇ ئويلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم بەلگە ۋە ئاتالغۇلار شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىلا كۆرۈلىدىغان خاس ئاتالغۇلاردۇر، مەسىلەن، سىزنىڭ يېقىنقى 42 ئاينىڭ ھەر بىر ئېيىدا تۆلىگەن قەرزنى خاتىرىلىگەن ۋاقىتتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بەلگە ۋە سانلار. مەخسۇس بەلگە ۋە سانلارنىڭ مەنىسى زادى قانداق؟ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ قىسىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇپ چىقىڭ.

### 76. ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «سۈرۈشتۈرگەن ۋاقىت» ۋە «دوكلات ۋاقتى»نىڭ قانداق پەرقى بار؟

ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «سۈرۈشتۈرگەن ۋاقىت» بولسا سىستېما سۈرۈشتۈرگۈچىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. «دوكلات ۋاقتى» بولسا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى شەكىللەنگەن ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. نورمال ئەھۋالدا بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت پەرقى ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، بەش سېكۇنت ئەترا-

پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە ئىناۋەت دوكلاتىدا ئىنكاس قىلىنغان ئۇچۇر شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى «دوكلات ۋاقتى»غىچە شەكىللەنگەن، شەخسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى سۈرۈشتۈرۈلـ-گەندىن ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەڭ يېڭى ئۇچۇرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

دوكلات نومۇرى: 2006703160000005583999

سۈرۈشتۈرۈش ۋاقتى: 2007_3_16 16:14:20

دوكلات ۋاقتى: 2007_3_16 16:16:21

دېگەندەك.

## 77. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ ئۇچۇرىدا قايسى سەھىپىلەر بار؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ ئۇچۇرىدا تۆۋەندىكىدەك سەھىپە-لەر بار:

(1) شەخسنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرى: بۇ، شەخسنىڭ ئىسىم-فامىلى-سى، ئادرېسى، خىزمەت ئورنى، ئولتۇرۇشلۇق جايى، كەسپى قاتار-لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) كرېدىت مۇئامىلە ئۇچۇرى: بۇ، شەخسنىڭ قەرز پۇلى، ئىنا-ۋەت كارتىسى، باشقا كىشىنىڭ قەرز ئېلىشىغا كېپىل بولۇش قاتار-لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) شەخسنىڭ بېجىرگەن راسچوت ئىسچوت ئۇچۇرى: بۇ، شەخسنىڭ بېجىرگەن راسچوت ئىسچوت سانى، ھېساب ئاچقان بانكا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

(4) شەخسنىڭ غەيرىي بانكا ئاپپاراتلىرى ئۇچۇرى: بۇ، شەخسنىڭ تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئۇچۇرى، شەخسنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ئۇچۇرى، شەخسنىڭ تېلېگراف ھەققىنى تۆلەش ئۇچۇرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(5) ئالاھىدە مۇئامىلە ئۆچۈرى.
(6) ئالاھىدە خاتىرە.
(7) سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى.

ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، نۆۋەتتە جۇڭگو خەلق بانـ
كىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرى قىسمەن ئۆلكە
(شەھەر) نىڭ تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى مەركىزى، ئەمگەك ۋە
ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىدىن شەخسنىڭ ئىناۋەت ئۆچۈرىنى
توپلاۋاتىدۇ ۋە بۇ خىزمەت تەدرىجىي ھالدا مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىـ
لىدۇ. شۇڭا، بەزى شەھەرلەردىكى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا تۇرالـ
غۇ ئۆي جامائەت فوندى ئۆچۈرى، شەخسنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇـ
غۇرتىسى ئۆچۈرى، شەخسنىڭ تېلېگراف ھەققىنى تۆلەش ئۆچۈرى قاـ
تارلىق ئۆچۈرلار بار، بەزى شەھەرلەردە يوق.

## 78. شەخسىي سالاھىيەت ئۆچۈرى قانداق كەلگەن؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى شەخسىي سالاھىيەت ئۆچۈرىنى
ھەرقايسى سودا بانكىلىرى يۇقىرىغا يوللىغان. سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك،
بۇلار شەخسلەر سودا بانكىسىدا ئىناۋەت كارتىسى ياكى پۇل قەرز ئېلىش
كەسپىنى بېجىرگەن چاغدا تولدۇرغان ئىلتىماس جەدۋىلىدىكى شەخـ
سىي ئاساسىي ئۆچۈرلاردۇر. بىر ئادەم ئوخشاشمىغان ۋاقىتتا، ئوخشاشـ
مىغان سودا بانكىسىدىن ئىناۋەت كارتىسى ئىلتىماس قىلسا، ياكى قەرز
ئېلىش كەسپىنى بېجىرسە، ئوخشاشمىغان ۋاقىتتا تولدۇرغان شەخسىي
سالاھىيەت ئۆچۈرىمۇ ئوخشاشماسلىقى مۇمكىن. شەخسىي ئىناۋەت
دوكلاتىدىكى شەخسىي سالاھىيەت ئۆچۈرى ھەرقايسى سودا بانكىسى
يۇقىرىغا يوللىغان ئوخشاش تۈردىكى ئۆچۈرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېڭـ
سىدۇر، بىراق بۇ سىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىڭىزغا ماس
كەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى، سىز يېقىندا بىر قېتىم ئۆچۈرنى
بانكىغا قالدۇرغاندىن كېيىن، شەخسىي ئەھۋالىڭىزدا ئۆزگىرىش بولغان

بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىدا ئۆزگىرىش بولسا، كەسىپ بېجىرگەن بانكىغا ۋاقتىدا بېرىپ مۇئامىلىدارلار ماتېرىيالىنى ئۆزگەرتىپ، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى سالاھىيەت ئۇچۇرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بولۇشچانلىقى ۋە توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك.

## 79. «جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇچۇرى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى» دېگىنى زادى قانداق ئىش؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇچۇرى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى» دېگەن سۆز شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى ئىسىم-فامىلە، كىملىك نومۇرى ئۇچۇرىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ ئاھالىلەر سالاھىيەت ئۇچۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بىلەن تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئاھالىلەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىملىك نومۇرى ئارقىلىق ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسى يىغقان شەخسىي سالاھىيەت ئۇچۇرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ شەخسىي سالاھىيەت ئۇچۇرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئاخىرلاشسا، شەخسىي ئۇچۇر سەھىپىسىدە «جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش نەتىجىسى: جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇچۇرى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى» دېگەن سۆز بولىدۇ. سېلىشتۇرۇش نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل بولۇشى مۇمكىن:

(1) ئىسىم-فامىلىسى، كىملىك نومۇرى بىردەك ھەمدە كىملىك تارقاتقان ئورۇن ۋە شەخسنىڭ سۈرىتى كۆرۈنۈش.

(2) ئىسىم-فامىلىسى، كىملىك نومۇرى بىردەك ھەمدە كىملىك تارقاتقان ئورۇن كۆرۈنۈش.

(3) كىملىك نومۇرى ماس كەلگەن بولسىمۇ، ئىسىم-فامىلىسى ماس كەلمەسلىك، يەنى جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا بۇ كىملىك نومۇرىنى تەكشۈرگەندە ئىسىم-فامىلىسى باشقا ئادەمنىڭ بولۇپ چىقىش.

(4) كىملىك نومۇرىنى تاپالماسلىق. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئەھۋال بار، بىر خىلى، بۇ ئادەمنىڭ ئىسىم-فامىلىسى بىلەن كىملىك نومۇرى جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلمىگەن، يەنە بىر خىلى، بۇ كىملىك ساختا بولىدۇ.

(5) ئەگەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئورۇنلانمىغان بولسا، «جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش نەتىجىسى: تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىغان» دەپ چىقىدۇ.

## 80. «تەپسىلىي ئۇچۇر» دېگەن نېمە؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى تەپسىلىي ئۇچۇر ئاساسلىقى كىرېدىت مۇئامىلىسى ئۇچۇرىدىكى ھەر بىر ئىناۋەت كارتىسىنىڭ (كىرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا ۋە غەيرىي رەسمىي كىرېدىتلىق كارتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىناەت بەرگەن نورمىسى، ھەر قېتىم ئىشلەتكەن (كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان) ۋە قەرز قايتۇرغان ئەھۋالىنىڭ كونكرېت ئۇچۇرى، ھەر قېتىملىق قەرزنىڭ سوممىسى، ھەر قېتىملىق قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىق كونكرېت ئۇچۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى شەخسنىڭ ھەر بىر ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىدۇ، كېيىنكىسى شەخسنىڭ ھەر قېتىمقى قەرزگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىدۇ.

## 81. «ئىناۋەت نورمىسى» ۋە «ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئىناۋەت نورمىسى» دېگەن نېمە؟

ئىناۋەت نورمىسى بولسا بانكا ئىناۋەت كارتىسى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ كىرىم ئەھۋالى، ئىناۋەت خاتىرىسىگە ئاساسەن ئىشتىن بۇرۇن

ئىلتىماس قىلغۇچىغا بېكىتىپ بەرگەن ئەڭ يۇقىرى ئىشلىتىش نورمى-سىدۇر. بۇ، سودا بانكىسىنىڭ شەخسىنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسىنى مۆئەيـ-يەنلەشتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچى كارتىنىڭ ئۈنۈمـ-لۈك مەزگىلى ۋە كىرىدىت نورمىسى ئىچىدە ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشـ-لىتىدۇ ھەمدە پۇلنى قايتۇرغاندىن كېيىن، ئىناۋەت نورمىسى ئۆزلۈكىـ-دىن ئەسلىگە كېلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىناۋەت كارتىسىنى تەكرار ئىشـ-لەتسە بولىدۇ. ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئىناۋەت نورمىسى بولسا، ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ ئىناۋەت كارتىسى ياكى ئىسچوتنىڭ ئوخـ-شاش بىر ئىناۋەت نورمىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىنى كۆرسىتىـ-دۇ. بۇنىڭدىكى ھەرقانداق كارتا ياكى ئىسچوت بەلگىلىك سوممىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، بۇ بىر نەچچە كارتا ياكى ئىسچوت ئىشلىتەلەيدىـ-غان ئىناۋەت نورمىسى مۇناسىپ ئازلايدۇ.

مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، مەلۇم بىر مۇئامىلىداردا بىر بانكا تارقاتقان ئىككى پارچە ئىناۋەت كارتىسى بار بولۇپ، بۇنى ئايرىم ئايرىم ھالدا A ۋە B كارتا دەپ پەرەز قىلايلى. ئىككى كارتا 10000 يۈەنلىك ئىناۋەت نورمىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان بولسا، بۇ مۇئامىلىدار A كار-تا بىلەن 3000 يۈەننى ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە B كارتىنى ئىشـ-لەتكەن چاغدا، B كارتىنىڭ نورمىسى بىلەن Aكارتا بىر ئىناۋەت نورمىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان بولغاچقا، ئۇ Bكارتىدىن پە-قەت 7000 يۈەن نورمىنى ئىشلىتەلەيدۇ. Aكارتىنى خەلق پۇلى ۋە ئا-مېرىكا دوللىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئىسچوتتىن تەركىب تاپقان قوش پۇللۇق دەپ پەرەز قىلساق، بۇ ئىككى ئىسچوت 10000 يۈەن خەلق پۇ-لىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولسا، ئامېرىكا دوللىرى ئىسچوتىنىڭ ئىناۋەت نورمىسىنىڭ قىممىتى خەلق پۇلىغا باراۋەر بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئەھۋال ئىناۋەت دوكلاتىدا تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ.

| ئىناۋەت كارتىسىنىڭ تۈرى | ئىسچوت | پۇل تۈرى | ئىسچوت ئېچىش ۋاقتى | ئىناۋەت نورمىسى (يۈەن) | ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئىناۋەت نورمىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| A كارتا | 1- ئىسچوت | خەلق پۇلى | 2003-5-20 | 10000 | 10000 |
| | 2- ئىسچوت | ئامېرىكا دوللىرى | 2003-5-20 | 10000 | 0 |
| B كارتا | 3- ئىسچوت | خەلق پۇلى | 2003-6-20 | 10000 | 0 |

## 82. نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەن ئىناۋەت نورمىسىمۇ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ؟

بەزىلەر بانكىنىڭ مۇئامىلىدارغا 20 مىڭ يۈەنلىك كىرېدىت نورمىسى بەرگەنلىكىنى، گەرچە بۇنى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بۇ مۇئامىلىدارنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنى چۈشەندۈرگەنگە ئوخشايدۇ. بەرگەن ئىناۋەت نورما بانكىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى بولۇپ، سىز بانكا بەرگەن كىرېدىتنىڭ ئۈنۈملۈك مەزگىلى ۋە كىرېدىت نورمىسى ئىچىدە، ئىناۋەت كارتىسىنى تەكرار ئىشلىتىشىڭىزمۇ ياكى قەرز ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئىناۋەت كارتىسىدىكى ئىستېمال سوممىسى ياكى قەرز پۇلنى قايتۇرغان چاغدا، بېرىلگەن ئىناۋەت نورمىسى ئاپتوماتىك ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇڭا، ئىناۋەت نورمىسى بېرىش سىزنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىڭىزنىڭ ئىجابىي ئۇچۇرى بولۇپ، سىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىڭىزغا خاتىرىلىنىدۇ.

## 83. ئىناۋەت كارتىسىنىڭ ئەڭ زور قەرز سوممىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ھەر بىر ئىسچوت دەۋرىدە كارتا تارقاتقان ئاپپارات ئادەتتە كارتا ئىگىسىنىڭ بىر ئىسچوت دەۋرىدىكى قايتۇرىدىغان قەرزىنى ستاتىستىكا قىلىدۇ. ئىناۋەت كارتىسىنىڭ ئەڭ زور قەرز سوممىسى دەل ھەرقايسى ئىسچوت دەۋرىدە قايتۇرۇلىدىغان سوممىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**بىلىۋېلىڭ:** بانكا سىزنىڭ ئىناۋەت كارتىسى ئىلتىماسىڭىزنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، بىر ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنىنى ئىسچوت كۈنىڭىز قىلىپ بېكىتىدۇ، ئىككى ئىسچوت كۈنى ئوتتۇرىسى بىر ئىسچوت دەۋرى بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ دەۋرنىڭ باشلىنىدىغان كۈنى تەبىئىي كۈنگە ئوخشىمايدۇ.

## 84. «كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان قالدۇق سومما» ۋە «ئىشلىتىپ بولغان نورما»نىڭ مەنىسى نېمە؟

كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان قالدۇق سومما بىلەن ئىشلىتىپ بولغان نورما كارتا بار ئادەمنىڭ نۆۋەتتىكى قەرز ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ ئېيتقاندا، كارتا ئىگىسىنىڭ بانكىغا قانچىلىك قەرزدار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان قالدۇق سومما غەيرىي رەسمىي كىرىدىتلىق كارتىغا قارىتا دېيىلگەن. ئىشلىتىپ بولغان نورما كىرىدىتلىق كارتىغا قارىتا دېيىلگەن. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ سانلار دىرى ۋە ئۆسۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 85. «قەرەلى ئۆتۈپ كېتىش» دېگەن نېمە؟

قەرەلى ئۆتۈپ كېتىش، يەنى مۇددىتى ئۆتۈپ كېتىش بولسا، قەرزنى قايتۇرۇش بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتسىمۇ، قەرزنى تولۇق قايتۇرماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، تۆ-

ۋەندىكى ئەھۋاللار قەرەلى ئۆتۈپ كېتىشكە تەۋە بولۇپ، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ:

(1) قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى بىر-ئىككى كۈندە قايتۇرۇش.

(2) قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتى ئۆتۈپ كېتىپ، بانكا خىزمەتچىلىرى تېلېفون قىلىپ قايتۇرۇشنى سۈيلىگەندىن كېيىن، قەرزنى تولۇق قايتۇرۇش.

(3) قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن قايتۇرۇش، لېكىن قايتۇرۇشقا تېگىشلىك سوممىنى ئېنىق بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن تولۇق قايتۇرماسلىق.

ئەسكەرتىش: ئوخشاشمىغان سودا بانكىلىرىنىڭ قەرز قايتۇرۇش كۈنى ئوخشاشمايدۇ. مۇئامىلىدارلار ئۆزى ئالغان قەرزنى قايتۇرىدىغان كۈندىن بۇرۇن ۋاقتىدا، تولۇق ھېسابقا كىرگۈزۈش، ياكى قايتۇرىدىغان قەرزنىڭ قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بانكىغا بېرىپ قەرزنى قايتۇرۇش كەسپىنى بېجىرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىز يەنە قەرەلى ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قەرز قايتۇرىدىغان كۈندىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن قەرز قايتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىڭ، چۈنكى سودا بانكىسىنىڭ پۇل تۇتۇۋېلىش ۋاقتى پۇل قايتۇرىدىغان كۈننىڭ ئەتىگىنى بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر سىز قەرزنى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قايتۇرسىڭىز، بانكا سىزنىڭ پۇلىڭىزنى تۇتۇۋالالمايدۇ، بۇنداق بولسا سىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىڭىزغا خاتىرىلىنىدۇ.

### 86. «نۆۋەتتىكى قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى»، «قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي قېتىم سانى» بىلەن «ئەڭ زور قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى» دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

بۇ ئۈچ تۈر ئاسان ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بىز بىر مىسال ئارقىلىق چۈشىنىپ باقساق بولىدۇ: 2006-يىلى 1-ئايدا مەلۇم مۇئامىلىدار

تۇرالغۇ ئۆي قەرزى بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. توختام بويىچە ھەر ئايدا 2000 يۈەن قايتۇراتتى. بىراق، پۇلنىڭ دەۋرىيلىك ئوبوروتى ۋاقىتلىق ياخشى بولماي، 3-ئايدىن 7-ئايغىچە ئۇدا بەش ئاي قەرز قايتۇرمىدى. تۆۋەندە بىز بۇ مۇئامىلىدارنىڭ 7-ئايلىق نۆۋەتتىكى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى، قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي قېتىم سانى ۋە ئەڭ زور قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانىنى ھېسابلاپ باقايلى. نۆۋەتتىكى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى بىر ئۈزلۈكسىز ئۇقۇم بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئۇدا قايتۇرمىغان ئەڭ تۆۋەن قەرز سوممىسى ياكى نۆۋەتتىكى ئۇدا قايتۇرمىغان توختامدا بەلگىلەنگەن سوممىنىڭ قېتىم سانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇئامىلىدار ئۇدا بەش ئاي، يەنى بەش قېتىم پۇل قايتۇرمىدى. شۇڭا ھازىرقى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى بەش بولىدۇ. قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي قېتىم سانى بولسا بىر جەمئىي سان بولۇپ، قەرەلدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزۈۋەتسىلا ئۇنىڭغا بىر قېتىم دەپ خاتىرىلىنىدۇ، شۇڭا قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي قېتىم سانى بەش بولىدۇ. ئەڭ زور قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى نۆۋەتتىكى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانىنىڭ تارىخى ئەڭ يۇقىرى قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى 3-ئايدىن 7-ئايغىچە بولغان ھازىرقى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانىدىن ئەڭ زور يۇقىرى قىممىتى ئېلىنىدۇ، بۇنىڭ بەش ئىكەنلىكىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

2006-يىلى 5-ئايدا بۇ مۇئامىلىدار ئالدىنقى بەش ئايدا قايتۇرىدىغان پۇلدىن جەمئىي 10000 يۈەننى قايتۇردى دەپ پەرەز قىلساق، بۇ ۋاقىتتا بۇ ئۈچ ساندا قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟ ئالدى بىلەن نۆۋەتتىكى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانىنى كۆرۈپ باقايلى. 8-ئايدىن بۇرۇن قەرزدار بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇئامىلىدار 8-ئايدا قايتۇرىدىغان 2000 يۈەننى قايتۇرمىغان، يەنى 8-ئايدا قەرەلدىن بىر قېتىم

ئۆتكۈزۈۋەتكەن، شۇڭا ھازىرقى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى بىر بولىدۇ. قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي قېتىم سانىغا كەلسەك، ئالدىنقى بەش ئايلىق قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن جەمئىي سان بەش بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالتىنچى قېتىم قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن بىر قېتىمنى قوشساق قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن جەمئىي قېتىم سانى ئالتە بولىدۇ. ئەڭ زور قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى 3-ئايدىن 8-ئايغىچە بولغان بولغان ھازىرقى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تارىخى قىممىتى بولغان بولغان 7-ئاينىڭ بەش قېتىم بولىدۇ.

## 87. «ھازىرقى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي سومما» ھازىر قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان، ئەمما قايتۇرمىغان پۇلمۇ؟

ھازىرقى قەرەلدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي سومما بولسا، ئۇچۇرغا ئېرىشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى بىر راسچوت كۈنىگە قەدەر قايتۇرمىغان قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزنى كۆرسىتىدۇ. كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قايتۇرمىغان ئەڭ تۆۋەن قەرزنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى كۆرسىتىدۇ. قەرز ئېلىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۆۋەتتە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان، ئەمما قايتۇرمىغان قەرزنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى كۆرسىتىدۇ. قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پۇل سوممىسى (دىرى ۋە ئۆسۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توختامدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن بولىدۇ. غەيرىي رەسمىي كرېدىتلىق كارتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تۈرنىڭ ئەھمىيىتى يوق، شۇڭا نۆل كۆرسىتىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ھازىرقى قەرەلنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي سوممىدىن سىرت، ئۇچۇرغا ئېرىشكەن ۋاقىتتىن كېيىن يۈز بەرگەن قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پۇل تۈرىمۇ ھازىر قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلغا كىر-

گۈزۈلۈشى كېرەك. پۇل قايتۇرۇش پىلانىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭىدىن قەرزلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم.

## 88. قەرزلىنى بىر كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىش بىلەن 180 كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ قانداق پەرقى بار؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ بىر ئوبيېكتىپ خاتىرە ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. قەرزلىنى بىر كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىش بولسۇن ياكى 180 كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىش بولسۇن، ھەممىسى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا ئەينەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر قەرز ئاي بويىچە قايتۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن قەرزلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئەھۋال يوق بولسا، ئۇنداقتا بۇ قېتىم قەرزلىنى بىر كۈن ئۆتكۈزۈۋەتسە، ئىناۋەت دوكلاتىدا نۆۋەتتىكى قەرزلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى بىر بولىدۇ، ئەمما قەرزلىنى 180 كۈن ئۆتكۈزۈۋەتسە، بۇ سان ئالتە بولىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بۇ ئۇچۇرنى باھالىمايدۇ، ئەينەن خاتىرىلەيدۇ، بىراق، ئىناۋەت دوكلاتىنى ئىشلەتكۈچى بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەمما بۇ يەردە ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يەردىكى بىر ۋە ئالتە ئوتتۇرىسىدا بانكىسىنىڭ خەۋپ-خەتەرنى ھۆكۈم قىلىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئادەتتە چوڭ پەرق مەۋجۇت.

## 89. نېمە ئۈچۈن «غەيرىي رەسمىي كىرىدىتلىق كارتىدىن كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغىنىغا 180 كۈندىن ئاشقان تۆلىمىگەن قالدۇق سوممىسى» ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ؟

غەيرىي رەسمىي كىرىدىتلىق كارتىدىن كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغىنى 180 كۈندىن ئاشقان تۆلىمىگەن قالدۇق سوممىسى بولسا، بۇ غەيرىي رەسمىي كىرىدىتلىق كارتىدىن كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قى-

لىنغىنىغا 180 كۇندىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ تۆلىمىگەن قالدۇق سوممىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ غەيرىي رەسمىي كىرىدىتلىق كارتا تۇنجى قېتىم كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلانغان كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 180 كۈندىن ئېشىپ كەتكەن چاغدا، كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 180 كۈندىن ئاشقان تۆلىمىگەن قالدۇق سوما كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغان ئومۇمىي سوما ۋە ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ئۆسۈمنىڭ يىغىندىسى بولىدۇ. ئەگەر تۇنجى قېتىم كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 180 كۈندىن ئېشىپ كەتمىگەن بولسا، كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغىنىغا 180 كۈندىن ئاشقان تۆلىمىگەن قالدۇق سوممىسى نۆل بولىدۇ.

ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىدا نۇرغۇن سودا بانكىسى كىرىدىتلىق كارتا مۇئامىلىدارلىرىنىڭ 60 كۈن ئىچىدە قەرزىنى قايتۇرۇشىنى نورمال قايتۇرۇش، مۇئامىلىدارلارنىڭ يېڭى كىرىدىت بېرىشىگە تەسىر يەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق كارتا ئىگىسى 180 كۈندىن ئېشىپ كەتسىمۇ قەرز قايتۇرمىسا، قەرز قايتۇرۇش ئېغىر كۈچلۈك ئەمەس ياكى قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارىدا مەسىلە بار دەپ قارىلىدۇ. بۇ قالدۇق سوما يېزىپ چىقىرىلسا، بانكىنىڭ كارتا ئىگىسىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئايرىشى، ئىناۋەت خەۋپ-خەتىرىنى كونترول قىلىشىغا پايدىلىق.

## 90. ئىناۋەت كارتىسىدىكى «ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسى» دېگەن نېمە؟

ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسى كىرىدىتلىق كارتىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، بانكىنىڭ ئىسچوت كۈنىدە ھېسابلاپ چىققان ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە شۇ ئىسچوت كۈنى-

گىچە ئىشلەتكەن نورمىنىڭ بەلگىلىك نىسبىتى بولىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇئامىلىدار كىرىدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنىڭ نورمىسىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، بانكا قەرز قايتۇرىدىغان كۈنى مۇئامىلىداردىن بارلىق سوممىنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلماي، مۇئامىلىدارنىڭ ئىشلەتكەن نورمىسىنىڭ بەلگىلىك نىسبەتتىكى سوممىسىنى قايتۇرۇشقا يول قويىدۇ. مەسىلەن 50% دېگەندەك، مانا بۇ، ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسىدۇر.

بىراق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، قەرز پۇلنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇلمىسا، بارلىق ئىشلەتكەن نورمىنى ئىشلەتكەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلايدۇ.

## 91. ئىناۋەت كارتىسىدىكى قەرەل بويىچە ئەڭ تۆۋەن قەرز قايتۇرۇش نورمىسىنىلا قايتۇرۇش سەلبىي ئۇچۇر ھېسابلىنامدۇ؟

ھېسابلانمايدۇ. قەرەل بويىچە ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسىنى قايتۇرسا، قەرەلنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولمايدۇ. چۈنكى، بانكا ئىناۋەت كارتىسى تارقاتقان چاغدا، مۇئامىلىدارلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالايدىغان بولۇپ، مۇئامىلىدارلار ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسى بويىچە قەرز قايتۇرسىمۇ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، قەرەلى بويىچە ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسىنى قايتۇرسا، كېلىشىمنى نورمال ئىجرا قىلغان بولىدۇ، بۇنىڭدىن سەلبىي ئۇچۇر شەكىللەنمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۇئامىلىدارلار بانكىغا تېخىمۇ كۆپ ئۆسۈم كىرىمى ئېلىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئەكسىچە بانكىنىڭ ئىناۋەت كارتىسى تارقىتىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

### 92. «كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنىڭ 12 ئاي ئىچىدە قايتۇرمىغان ئەڭ تۆۋەن قەرز قايتۇرۇش نورمىسىنىڭ قېتىم سانى» نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟

بۇ ئاساسلىقى مۇئامىلىدارنىڭ شۇ كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنى راسچوتلىغان ئايدىن ئىلگىرىكى 12 ئاي ئىچىدە قايتۇرمىغان ئەڭ تۆۋەن قەرز قېتىم سانىنى كۆرسىتىدۇ. ئاي بويىچە ھېسابلىنىدۇ، «كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنىڭ 12 ئاي ئىچىدە قايتۇرمىغان ئەڭ تۆۋەن قەرز قايتۇرۇش نورمىسىنىڭ قېتىم سانى» مۇئامىلىدارنىڭ كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىدىكى ئەڭ تۆۋەن قەرز قايتۇرۇش نورمىسىنى نەچچە ئاي قايتۇرمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 93. «24 ئاي ئىچىدىكى قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

بۇ كۆرسەتكۈچ كارتا ئىگىسىنىڭ راسچوت قىلغان يىل، ئايدىن ئىلگىرىكى 24 ئاي ئىچىدىكى ھەر ئايلىق قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە سودا بانكىسى بۇ كۆرسەتكۈچ ئارقىلىق شەخسنىڭ قەرز قايتۇرۇش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.

بۇنىڭدا «C» ۋە «G»غا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىكى «C» ھېساباتنىڭ نورمال تۈگەپ، ئىسچوت ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى نورمال ئەھۋالدىكى ئىسچوتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «G» ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قەرزنى قايتۇرۇپ بولغاندىن باشقا شەكىلدىكى ئىسچوتنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۆلۈك ھېساباتنى تەكشۈرۈپ، ھېساباتنى ئۆچۈرۈۋېتىش دېگەندەك، بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا «#» بەلگىسىگە دىققەت قىلىش لازىم، بۇ ئىسچوتنىڭ بېجىرىلگەنلىكىنى، بىراق شۇ ئايدىكى ئەھۋالىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىناۋەت كارتىسىنىڭ 24 ئايلىق قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىدىكى تۈرلۈك بەلگە ۋە سانلارنىڭ مەنىسى

| بەلگە | غەيرىي رەسمىي كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا | كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا |
|---|---|---|
| / | بېجىرمىگەن ئىسچوت | بېجىرمىگەن ئىسچوت |
| * | ئۆتكەن ئايدىكى قالدۇق سومما نۆل، بۇ ئايدا يەنە كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان ئەھۋال يوق | ئۆتكەن ئايدىكى قالدۇق سومما نۆل، بۇ ئايدا ئىشلەتمىگەن |
| N | كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغاندىن كېيىنكى قەرزنى تولۇق قايتۇرغان | شۇ ئايلىق ئەڭ تۆۋەن قەرز قايتۇرۇش سوممىسنى قايتۇرۇپ بولغان ياكى كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۆسۈمسىز قەرەلى |
| 1 | كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 1 ~ 30 كۈن | ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنى بىر قېتىم قايتۇرمىغان |
| 2 | كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 31 ~ 60 كۈن | ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنى ئۇدا ئىككى قېتىم قايتۇرمىغان |
| 3 | كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 61 ~ 90 كۈن | ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنى ئۇدا ئۈچ قېتىم قايتۇرمىغان |
| 4 | كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 91 ~ 120 كۈن | ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنى ئۇدا تۆت قېتىم قايتۇرمىغان |
| 5 | كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 121 ~ 150 كۈن | ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنى ئۇدا بەش قېتىم قايتۇرمىغان |
| 6 | كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 151 ~ 180 كۈن | ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنى ئۇدا ئالتە قېتىم قايتۇرمىغان |
| 7 | كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان كۈن سانى 180 كۈندىن ئارتۇق | ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنى ئۇدا يەتتە قېتىمدىن كۆپ قايتۇرمىغان |
| C | ئىسچوت ئۆچۈرۈش | ئىسچوت ئۆچۈرۈش |
| G | تەكشۈرۈپ ھېسابتىن ئۆچۈرۈش | تەكشۈرۈپ ھېسابتىن ئۆچۈرۈش |
| # | قەرز قايتۇرغانلىق ئەھۋالى ۋاقتىنچە نامەلۇم | قەرز قايتۇرغانلىق ئەھۋالى ۋاقتىنچە نامەلۇم |

# شەخسلەرنىڭ 24 ئايلىق قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىدىكى تۈرلۈك بەلگە ۋە سانلارنىڭ مەنىسى

| بەلگە | بېجىرىلمىگەن ئىسچوت | بەلگە | چۈشەندۈرۈش |
| --- | --- | --- | --- |
| / | بېجىرىلمىگەن ئىسچوت | # | قەرز قايتۇرغانلىق ئەھۋالى ۋاقتىنچە نامەلۇم |
| * | بۇ ئايلىق قەرز قايتۇرۇلغانلىق تارىخى يوق. قەرز قايتۇرۇش دەۋرى بىر ئايدىن كۆپ، قايتۇرۇش قېتىمى قەرەللىك ئەمەس، ئىسچوت ئاچقان ئايدا قەرز قايتۇرۇش ھاجەتسىز | D | كېپىل بولغۇچى ۋاكالىتەن تۆلىگەن (قەرز ئالغۇچىنىڭ بۇ قەرزىنى كېپىل بولغۇچى ۋاكالىتەن تۆلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، كېپىل بولغۇچىنىڭ قەرەللىك بويىچە ۋاكالىتەن قايتۇرغىنى ۋە كېپىل بولغۇچىنىڭ ۋاكالىتەن قايتۇرغان قەرزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) |
| N | نورمال | G | ئاخىرلاشتى (قەرزنى قايتۇرۇپ بولغاندىن باشقا شەكىلدىكى ئىسچوتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) |
| 1 | قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈن سانى 1 ~ 30 كۈن | 5 | قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈن سانى 121 ~ 150كۈن |
| 2 | قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈن سانى 31 ~ 90 كۈن | 6 | قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈن سانى 151 ~ 180 كۈن |
| 3 | قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈن سانى 61 ~ 90 كۈن | 7 | قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈن سانى 180 كۈندىن ئارتۇق |
| 4 | قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈن سانى 91 ~ 120 كۈن | | |
| C | ھېسابنى ئۈزگەن (نورمال ئۈزۈش، مۇددەتتىن بۇرۇن ئۈزۈش، مۈلۈكنى قەرزگە ھېسابلاش، كېپىل بولغۇچى ۋاكالىتەن تۆلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | Z | مۈلۈكنى قەرزگە ھېسابلىغان (قەرز ئالغۇچىنىڭ بۇ قەرزى مۈلۈكنى قەرزگە ھېسابلاش شەكلىدە قايتۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، پەقەت مۈلۈكنى قەرزگە ھېسابلىغان قىسمىغىلا ئىشلىتىلىدۇ) |

## 94. «ئۆچۈرگە ئېرىشكەن ۋاقىت» بىلەن «راسچوت يىل، ئېيى» دېگەن بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ قانداق پەرقى بار؟

ئۆچۈرگە ئېرىشكەن ۋاقىت بولسا، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىنىڭ شۇ ئۆچۈرگە ئېرىشكەن ۋاقتىدۇر، شۇنداقلا شۇ ئۆچۈرنىڭ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلگەن ۋاقتىدۇر. راسچوت يىل ئېيى بولسا، ئىناۋەت دوكلاتىدىكى شۇ ئۆچۈر يېزىلغان ئاي بولۇپ، يېقىنقى 24 ئايدىكى قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىنى خاتىرىلەشتە پايدىلانغان ۋاقىتتۇر. مىسالغا ئالساق، مەلۇم بىر ئىسچوتنىڭ 24 ئايلىق قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىدا ئۇنىڭ راسچوت يىل، ئېيى 2005-يىلى 8-ئاي، تەرتىپ نومۇرى بىر بولسا 2005-يىلى 8-ئاي ئىكەنلىكىنى، تەرتىپ نومۇرى ئىككى بولسا ئالدىغا بىر ئاي سۈرۈلگەنلىكىنى، يەنى 2005-يىلى 7-ئاي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە مۇشۇ بويىچە سۈرۈپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە راسچوت يىل، ئېيى يەنە بۇ خاتىرىنىڭ ئەڭ يېقىنقى يېزىلغان ۋاقتىنىڭ قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 95. «ئۆچۈرگە ئېرىشكەن ۋاقىت» بىلەن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «سۈرۈشتۈرۈلگەن ۋاقىت»نىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئۆچۈرگە ئېرىشكەن ۋاقىت ئادەتتە شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «سۈرۈشتۈرۈلگەن ۋاقىت»تىن بۇرۇن بولىدۇ. شۇڭا، ئىناۋەت ئۆچۈرىغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىنكى بەزى كرېدىت سودىلىرى، مەسىلەن، مەلۇم قەرز قايتۇرۇش ھەرىكەتلىرى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرگەن ۋاقىتتا ئىنكاس قىلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن.

## 96. «ئالاھىدە مۇئامىلە ئۇچۇر خاتىرىسى» دېگەن نېمە؟

ئالاھىدە مۇئامىلە ئۇچۇر خاتىرىسى بولسا، كىرىدىت كەسپى جەريانىدا پەيدا بولغان قەرەلنى ئۇزارتىش، كېپىل بولغۇچى ۋاكالىتەن قايتۇرۇش، مۈلۈكنى قەرزگە ھېسابلاش جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇردۇر.

## 97. «ئالاھىدە خاتىرە» دېگەن نېمە؟

ئالاھىدە خاتىرە بولسا سودا بانكىسى قاتارلىق سانلىق مەلۇمات يوللايدىغان ئاپپاراتلار يوللىغان، ئالاھىدە دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدىغان (بولۇپمۇ سەلبىي) ئۇچۇرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئالدامچىلىق قىلىش، ئەرز قىلىنىش، ۋەيران بولۇش، ئىز-دېرەكسىز يوقىلىش، ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىقلار. تەكشۈرۈپ ھېسابتىن ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، مۇئامىلىدارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەرز قايتۇرۇشى قاتارلىق سەلبىي ئۇچۇرمۇ «ئالاھىدە خاتىرە» سەھىپىسىگە خاتىرىلىنىدۇ.

## 98. «شەخسىي راسچوت ئىسچوتى» مېنىڭ بانكىدىكى بارلىق ئىسچوتىممۇ؟

ياق. بۇ پەقەت نەق پۇل ساقلاش ئىقتىدارى بار پۇقرالارنىڭ پۇل ئامانىتى ئىسچوتى بىلەن ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، شەخسلەر راسچوت ئىسچوتى خەلق پۇلىدىكى قەرەلسىز ئىسچوتنىڭ بىر تۈرىدۇر، ئۇ پۇل چېكى قاتارلىق كىرىدىت تۆلەش قوراللىرىنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، پېرېۋوت قىلىش، مېمورىئال قىلىش قاتارلىق كەسپلەرگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەنئەنىۋى مەنىدىكى دېبېت خاتىرىلىنىدىغان كارتا شەخسلەر راسچوت ئىسچوتىغا تەۋە. سىزنىڭ بانكىدىكى قەرەللىك ئامانەت پۇلىڭىزنىڭ ئىسچوتى «شەخسىي راسچوت ئىسچوتى» سەھىپىسىدە بولمايدۇ.

## 99. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «قانۇنىي ئىگە ئاپ-پارات سانى» بىلەن «ئاپپارات سانى» بىر گەپمۇ؟

ياق. قانۇنىي ئىگە ئاپپارات بولسا، سىزدىكى بارلىق ئىناۋەت كار-تىسى ۋە ئالغان قەرزىڭىز قاراشلىق بولغان ئوخشاشمىغان قانۇنىي ئىگە ئاپپارات سانىنىڭ جەمئىيسى بولۇپ، سىزنىڭ كىرىدىت كەسپىڭىزنىڭ ئوخشاشمىغان قانۇنىي ئىگە ئاپپاراتىغا تارقىلىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەت-تۈرىدۇ. ئاپپارات سانى بولسا، سىزنىڭ ئىگىدارلىقىڭىزدىكى قەرز ۋە ئى-ناۋەت كارتىسى قاراشلىق بولغان ئوخشاشمىغان ئاپپارات سانىنىڭ جەمئىيسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەر بىر سودا بانكىنىڭ باش بانكىسى بىر قانۇنىي ئىگە ئاپپارات-تۇر. مەسىلەن، سىز سودا-سانائەت بانكىسىنىڭ بېيجىڭ تارماق بانكى-سى، جۇڭگو بانكىسىنىڭ بېيجىڭ تارماق بانكىسىدىن ئىناۋەت كارتىسى بېجىرسىڭىز، سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ بېيجىڭ تارماق بانكىسى، سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ چاڭشا تارماق بانكىسىدىن رەنلىك ئۆي قەرز ئېلىشنى بېجىرسىڭىز، ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدىكى قانۇنىي ئىگە ئاپ-پارات سانى ئۈچ، ئاپپارات سانى تۆت بولىدۇ.

«قانۇنىي ئىگە ئاپپارات سانى» ۋە «ئاپپارات سانى» شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ بانكا ئۆلچەملىك نۇسخىسىدا كۆرۈلىدۇ، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ شەخسلەر سۈرۈشتۈرۈش نۇسخى-سىدا بۇ ئۇچۇر يوق.

## 100. «شەخسنىڭ تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئۇچۇ-رى»دىكى تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

شەخسنىڭ تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئۇچۇرى سىزنىڭ شەخ-

سي تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى تاپشۇرغان ئورۇن، تاپشۇرغان ۋاقىت، ئايلىق تاپشۇرۇش سوممىسى، تاپشۇرۇش نىسبىتى قاتارلىق ئۆچۈرلىرىنى يىغىدۇ. شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئۆچۈرىنىڭ يادروسى شەخسنىڭ تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى تاپشۇرغان ئورۇن نامىدۇر. ئۇ سودا بانكىسىنىڭ شەخسنىڭ ھەقىقىي خىزمەت ئورنىنى ئايرىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئەمدى نېمىنىڭ شەخسنىڭ تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئىسچوتىنىڭ پېچەتلىنىپ ساقلىنىشى ۋە پېچەتىنىڭ ئېچىلىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز. تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئىسچوتىنىڭ پېچەتلىنىپ ساقلىنىشى بولسا، ئىشچى-خىزمەتچى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنى تاپشۇرۇشنى توختىتىپ قويسا، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئىسچوتىنى يۆتكەشكە ئامالسىز قالغان ھەمدە ئىسچوت ئۆچۈرۈۋېتىش شەرتىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن چاغدا تۇرغان بىر خىل ھالەت. پېچەتلەپ ساقلانغان تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئىسچوتى پېچەتلەپ ساقلىغان ئىسچوت بولىدۇ.

تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئىسچوتىنىڭ پېچىتىنى ئېچىش بولسا، ئەسلىدە ساقلانغان تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ساقلىغان ئىشچى-خىزمەتچىنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ياكى ئەسلىي ئورنىدىكى مائاش مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن چاغدا، ئىشچى-خىزمەتچى ۋە تۇرۇشلۇق ئورۇن بەلگىلىمە بويىچە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنى تۆلەيدۇ. ئىشچى-خىزمەتچى تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنى تۆلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن چاغدا، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئىسچوتى نورمال ھالەتكە كېلىدۇ.

ۋاكالەت نومۇرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

| | |
|---|---|
| / | بېجىرىلمىگەن ئۈسچوت |
| * | ھېساب ئاچقان، لېكىن تاپشۇرۇشنى باشلىمىغان |
| M | تاپشۇرۇشنى باشلىغان، بىراق شۇ ئايدا تۆلىمىگەن (نورمال تۆلەش ۋە تولۇقلاپ تۆلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) |
| N | نورمال (پۇل تاپشۇرغۇچى بۇ ئايدا تاپشۇرىدىغان سوممىنىڭ ھەممىسىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بولغان) |
| S | تولۇقلاپ تاپشۇرغان (پۇل تاپشۇرغۇچى شۇ ئايدا شۇ ئايلىق جامائەت فوندىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغان، لېكىن شۇ ئايدىن كېيىنكى ئايدا شۇ ئايدىكى نېسى قالغان جامائەت فوندىنى تولۇقلاپ تاپشۇرغان) |
| K | پېچەتلىنىپ ساقلىنىش |

## 101. «شەخسىنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ئۇچۇرى»دىكى تۇرلۇك ئۇچۇرلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

شەخسىنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ئۇچۇرى تاپشۇرۇش ۋە تارقىتىش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تاپشۇرۇش ئۇچۇرى ئاساسلىقى ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىنى تاپشۇرغان ئورۇن، تاپشۇرۇش ھالىتى قاتارلىق ئۇچۇرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى تاپشۇرغان ئورۇن ئارقىلىق شەخسىنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە خىزمىتىنىڭ تۇراقلىقلىق دەرىجىسىنى ئايرىغىلى بولىدۇ. تارقىتىش ئۇچۇرى ئاساسلىقى ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىنىڭ نامى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىقىش ئايرىمىسى، شۇ ئايدا ئەمەلىي تارقاتقان ياشانغاندا بېقىلىش سوممىسىنىڭ جەمئىيسى قاتارلىق ئۇچۇرلاردۇر. شەخسىنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ئۇچۇرى يەنە ياشانغاندا بېقىلىش سوممىسىنىڭ يېقىنقى 24 ئاي ئىچىدىكى تاپشۇرۇش (تارقىتىلىش) ئەھۋالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، تاپشۇرۇلغان ۋە تارقىتىلغان ئەھۋال شەخسىنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سوم-

مىسنىڭ تاپشۇرۇلۇش ۋە تارقىتىلىش ئەھۋالىنىلا چۈشەندۈرىدۇ، ئالا-
قىدار كىشىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ۋاكالەت نومۇ-
رىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

| | ئامانەتكە قويۇش | | تارقىتىش |
|---|---|---|---|
| ۋاكالەت نومۇرى | چۈشەندۈرۈلۈشى | ۋاكالەت نومۇرى | چۈشەندۈرۈلۈشى |
| 0 | قاتناشمىغان | 1 | |
| 1 | قاتنىشىپ ھەق تۆلىگەن | 2 | ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىنى تارقىتىش ۋاقتىنچە توختىتىلغان (توختاپ قالغان) |
| 2 | تۆلەشنى ۋاقتىنچە توختاتقان (توختاپ قالغان) | 3 | ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىنى تارقىتىشنى ئاخىرلاشتۇرغان |
| 3 | ھەق تۆلەشنى ئاخىرلاشتۇرغان | # | نامەلۇم، بۇ مەزگىللىك سانلىق مەلۇمات يوق |
| # | نامەلۇم، بۇ مەزگىللىك سانلىق مەلۇمات يوق | | |

## 102. شەخسنىڭ تېلېگراف ھەققى تۆلەش ئۇچۇرىدىكى «ھەققە قەرز بولۇش» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

شەخسنىڭ تېلېگراف ھەققى تۆلەش ئۇچۇرىدىكى «ھەققە قەرز بو-
لۇش» بولسا، تېلېگراف ئابونچىسى تېلېگراف كارخانىسىنىڭ ئاي ئاخى-
رىدىكى ئىسچوت كۈنىدىن باشلاپ، ئىككى ئاي (60كۈن) ئېشىپ
كەتسىمۇ ھەق تاپشۇرماي پەيدا بولغان ھەققە قەرز بولۇشنى كۆرسىتى-
دۇ. مىسال ئۈچۈن، 6-ئايدا تېلېگراف كەسپىنى ئىشلىتىپ بارلىققا كەل-
گەن چىقىمنى ئېيتساق، 7-ئاي ۋە 8-ئايدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاي
ئىچىدە مۇناسىپ ھەقلەرنى تولۇق تاپشۇرسا، شەخسىي ئىناۋەت دوكلا-

تىدا ھەققە قەرز بولۇپ قېلىش خاتىرىلەنمەيدۇ. شۇڭا، سىرتقا چىقىپ كېتىش سەۋەبىدىن غەرەزسىز پەيدا بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ھەققە قەرز بولۇپ قېلىش ئالاقىدار ئادەمنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا كىرگۈزۈلگەن تېلېگراف ئابونىچىلىرىنىڭ ھەق تۆلەش ئۇچۇرى تېلېگرافنىڭ قوشۇلما قىممەت كەسپى ھەققىنى تۆلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، شۇڭا قوشۇلما قىممەت كەسپى ھەققى جەھەتتىكى تالاش-تارتىش تۇپەيلىدىن بۇ تۈرنىڭ ھەققىگە قەرزدار بولۇشمۇ شۇ كىشىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

بىز بۇ يەردە «ھەققە قەرز بولۇش»قا «60 كۈندىن ئېشىپ كەتسىمۇ ھەق تۆلىمىگەن» دەپ ئېنىقلىما بەرمەكچى بولغىنىمىزدا، ئاساسلىقى شەخسنىڭ كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ھەقنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەندە، يېتەرلىك دەرىجىدىكى تولۇقلاپ تاپشۇرۇش ۋاقتىنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئويلىشىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سېلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، شەخسلەر تېلېگراف مۇلازىمىتىنى ئىشلەتكەن چاغدا، تېلېگراف كارخانىسى بىلەن مۇلازىمەت توختىمى ئىمزالايدۇ، توختامغا ھۆرمەت قىلىش، توختامنى ئىجرا قىلىشتەك ئىشەنچ ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، تېلېگراف ھەققىنى ۋاقتىدا تۆلەش كېرەك. ئۇزاق ۋاقىت سىرتقا چىقماقچى بولسا، باشقىلارغا ۋاكالىتەن تاپشۇرۇشنى ۋاقتىدا ھاۋالە قىلىش ياكى تېلېفوندىن، بانكىدىن ۋاكالىتەن تۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ۋاقتىدا ھەق تۆلىۋېتىش كېرەك.

103. نېمە ئۈچۈن ئىناۋەت خاتىرىسىدە «ياخشى» ياكى «ناچار» دېگەن خەت كۆرۈلمەيدۇ؟

نۇرغۇن دوستلار: «بانكىنىڭ كىرېدىت خادىمى مېنىڭ ناچار ئىناۋەت خاتىرەم بارلىقىنى دېدى، لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدىن نېمە ئۈچۈن ياخشى ياكى ناچار دېگەن خەتنى ئۇچرىتالمايمەن؟» دەپ سورىشىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى شەخسنىڭ ئىناۋەت پائالىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ خاتىرىلەيدىغان ھۆججەت بولۇپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى ئوبيېكتىپ، بىتەرەپلىك پرىنسىپى بويىچە يىغقان ئۇچۇرلارنى خۇلاسىلەش ئارقىلىق قايتا تەشكىللەيدۇ، ئۇچۇر پەيدا قىلمايدۇ، شەخسنىڭ ئىناۋەت ھەرىكەتلىرىنىمۇ باھالىمايدۇ، شۇڭا ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدا «ياخشى» ياكى «ناچار» دېگەن خەت كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ئالغان قەرزنى قەرەلىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا بۇ قەرزنىڭ قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى دەپ خاتىرىلەيدۇ (ئاساسلىقى «ھازىرقى قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى»، «ھازىرقى قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي سومما»، «24 ئايدىكى قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى»، «قەرەلىدىن 31– 60 كۈن ئۆتكۈچە قەرزنىڭ دىرىنى قايتۇرمىغان» دېگەن تۈرلەردە كۆرۈلىدۇ)، ھەرگىزمۇ «بۇ ئادەم قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قەرز قايتۇردى، خاتىرىسى ناچار» دېگەن خەتلەرنى خاتىرىلىمەيدۇ. شۇڭا، سىز سودا بانكىسىنىڭ كىرېدىت خادىمى ياكى باشقا ماتېرىياللاردا «ئىناۋەت دوكلاتىدىكى ناچار خاتىرە ئۇنداقكەن ياكى مۇنداقكەن» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىسىڭىز، بۇ خىل قاراش مۇۋاپىق بولمىغان بولىدۇ.

ئەلۋەتتە سىز بانكىدىن قەرز بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان چاغدا،

بانكنىڭ خىزمەتچىلىرى «سىزنىڭ ناچار خاتىرىڭىز بار، شۇڭا قەرز بېرىلمەيدۇ» دېيىشى مۇمكىن. بۇ ئەمەلىيەتتە بانكا خىزمەتچىلىرى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدىكى ئوبيېكتىپ خاتىرىگە ئاساسەن سىزنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىڭىزغا قارىتا چىقارغان سۇبيېكتىپ ھۆكۈمدۇر. ئوخشاشمىغان بانكا، ئوخشاشمىغان كرېدىت خادىملىرىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، شۇنداقلا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىغا قارىتا چىقارغان ھۆكۈمىمۇ ئوخشاشماسلىقى مۇمكىن.

## 104. سەلبىي ئۇچۇرنى نېمە ئۈچۈن «ناچار خاتىرە» دېيىشكە بولمايدۇ؟

سەلبىي ئۇچۇر بولسا بىر ئوبيېكتىپ خاتىرە، «ناچار خاتىرە» بولسا بىر سۇبيېكتىپ باھا، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى پەقەت ئوبيېكتىپ خاتىرىلەيدۇ، ئىناۋەتنى باھالىمايدۇ. ئەمەلىيەت داۋامىدا سىز شەخسىي ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلەتكەندە ياكى قەرز ئېلىشتا تاسادىپىي ھالدا بىر - ئىككى قېتىم قىسقا ۋاقىت قەرەلنى ئۆتكۈزۈۋېتىش قاتارلىق سەلبىي ئۇچۇرنى پەيدا قىلسىڭىز، ئادەتتىكى ئەھۋالدا سودا بانكىسى ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىش ياكى قەرز ئېلىش ئىلتىماسىڭىزنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن چاغدا ئۇنى «ناچار خاتىرە» دەپلا سىزگە ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىپ بېرىشنى ياكى قەرز بېرىشنى رەت قىلىپ يۈرمەيدۇ.

## 105. سەلبىي ئۇچۇر ئاساسلىقى قايسى سەھىپىدە كۆرۈلىدۇ؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى سەلبىي ئۇچۇر بولسا، كېلىشىم

بويىچە توختامنى ئىجرا قىلمىغان ئۇچۇرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئۇچۇر ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ:

(1) «قەرزنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرى»دىكى «ھازىرقى قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى»، «قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئومۇمىي قېتىم سانى» بىلەن «ئەڭ زور قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى»دا سەلبىي ئۇچۇر دائىم كۆرۈلىدۇ.

(2) «يېقىنقى 42 ئاي ئىچىدىكى قەرز قايتۇرۇش خاتىرىسى»دە كۆرۈلگەن «/»، «*»، «N»، «C»دىن باشقا بەلگە، مەسىلەن، «1»دىن «7»گىچە بولغان، ياكى «D»، «Z» بولغانلىرىدا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قەرز بولۇپ قالغانلىق ئۇچۇرى بولىدۇ.

(3) «ئىناۋەتلىك كارتىنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرى»دىكى كىرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنىڭ «ئەڭ تۆۋەن نورمىدىكى قەرز سوممىسىنى قايتۇرمىغان قېتىم سانى»دا كۆرۈلگەن نۆلدىن باشقا ئەھۋال، مەسىلەن، «1»دىن «7»گىچە بولغان ساندا سەلبىي ئۇچۇر كۆرۈلىدۇ.

(4) «ئىناۋەتلىك كارتىنىڭ ئېنىق تەپسىلىي ئۇچۇرى»دىكى «غەيرىي رەسمىي كىرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىدىن كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان ۋاقتى 180 كۈندىن ئاشقان تۆلىمىگەن قالدۇق سوممىسى»دا كۆرۈلگەن نۆلدىن باشقا ئەھۋال، مەسىلەن «1»دىن «7»گىچە بولغان ساندا سەلبىي ئۇچۇر كۆرۈلىدۇ.

(5) «ئالاھىدە خاتىرە»دە «ئەگەر بۇ ئادەم بۇرۇن كېپىل بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغاچقا ئەرز قىلىنغان»، «بۇ ئادەم بۇرۇن كۆپ سوممىلىق قۇرۇق پۇل چېكىنى چىقىرىپ جازالانغان» دېگەندەك ئۇچۇرلار ساقلانغان بولسا، سەلبىي ئۇچۇر ھاسىل قىلىشى مۇمكىن.

**بىلىۋېلىڭ:** غەيرىي رەسمىي كىرىدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنىڭ 42 ئايلىق قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىدا «1» ياكى «2» كۆرۈلسە، نېمە ئۈچۈن سەلبىي ئۇچۇر خاتىرىسى دېيىشكە بولمايدۇ؟ بۇنى غەيرىي رەسمىي كىرىدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. 42 ئايلىق قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىدا كۆرۈلگەن «1» ياكى «2» غەيرىي رەسمىي كىرىدىتلىق كارتىنىڭ نورمال بولمىغان ھالەتتە تۇرغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەت داۋامىدا كۆپ قىسىم سودا بانكىسى غەيرىي رەسمىي كىرىدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا مۇئامىلىدارلىرىنىڭ 60 كۈن ئىچىدە قەرز قايتۇرۇشنى نورمال قەرز قايتۇرۇش، بۇ مۇئامىلىدارنىڭ يېڭىدىن ئىناۋەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشىغا تەسىر قىلمايدۇ دەپ قارايدۇ. مۇئامىلىدار شۇ ئايدا غەيرىي رەسمىي كىرىدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنى ئىشلىتىپ، سودا بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىگە سانلىق مەلۇمات يوللاشتىن بۇرۇن قەرزنى قايتۇرمىغان بولسا، قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىدا كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان دەپ خاتىرىلىنىدۇ، يەنى قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى «1» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مۇئامىلىدار كېيىنكى ئايدا قەرزنى قايتۇرۇپ بولسا، ھەم كېيىنكى ئايدا كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلمىغان بولسا، كېيىنكى ئاينىڭ قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى «*» بولىدۇ.

## 106. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا نېمە ئۈچۈن «ياخشى نىيەت بىلەن قەرز بولۇش ۋە قەستەنلىك بىلەن قەرز بولۇش» دەپ ئايرىلمايدۇ؟

ئالدى بىلەن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى چىقارغان شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بولسا شەخسنىڭ ئىلگىرىكى ئىناۋەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ خاتىرىسى بولۇپ، شەخسنىڭ ئىناۋىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا ھۆكۈم قىلمايدۇ،

ئۇچۇرنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قەرز بولۇش «ياخشى نىيەت بىلەن» ياكى «قەستەنلىك بىلەن» دەپ ئايرىمايدۇ. ئاندىن قالسا سودا بانكىسى قاتارلىق شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى ئىشلىتىدىغان ئاپپارات شەخسنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە باشقا ئۇچۇرلىرىغا قاراپ تۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ كېلىشمىنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئارزۇسىنى ئۇنىۋېرسال ئايرىيدۇ. شۇڭا، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا «ياخشى نىيەت بىلەن» قەرز بولۇش ۋە «قەستەنلىك بىلەن» قەرز بولۇش دەپ ئايرىلمايدۇ.

## 107. «باشقىچە پىكىردە بولۇشنى ئەسكەرتىش» بىلەن «ئۆز باياناتى»نىڭ قانداق پەرقى بار؟

«باشقىچە پىكىردە بولۇشنى ئەسكەرتىش»نىڭ ئىككى خىل تىپى بار، بىر خىلى، باشقىچە پىكىرنى قوبۇل قىلغۇچى خادىم باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا باشقىچە پىكىردە بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، شەخسنىڭ شۇ ئىناۋەت دوكلاتىدا خاتا ئۇچۇر ساقلانغان بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. باشقىچە پىكىردە بولغاننى بىر تەرەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئەسكەرتىشتە كۆرسىتىلگەن خاتىرە مەزمۇنىدىكى ئۇچۇر توغرا بولۇشمۇ، خاتا بولۇشمۇ مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر خىلى بولسا باشقىچە پىكىرگە قارىتا سودا بانكىسى تەمىنلىگەن جاۋاب خەتتە ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدىكى ئۇچۇرنىڭ ھەقىقىي خاتا بولغانلىقى ئىسپاتلانسا، بىراق تېخنىكا سەۋەبىدىن سودا بانكىسى تۈزەتكەن ئۇچۇرنى ۋاقتىدا يوللاشقا ئامالسىز قالسا ياكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىي ۋاقتىنچە ئۇچۇرنى ۋاقتىدا تۈزىتەلمىسە، باشقىچە پىكىردە بولغان ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغۇچى خادىم شۇ باشقىچە پىكىردە بولغان تۈرنى تەكشۈرگەن ئەمەلىي ئەھۋالى، شۇنداقلا ۋاقىتنچە تۈزىتەلمەسلىك سەۋەبىنى ئالاھى-

دىرەك ئەسكەرتىپ قويىدۇ. ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنىدا باشقىچە پىكىردە بو-
لۇشقا ئەسكەرتىش بېرىپ چۈشەندۈرگەن مەزمۇن ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بۇ
تىپتىكى باشقىچە پىكىردە بولغانلىقنى ئەسكەرتىشكە سودا بانكىسى قات-
تىق دىققەت قىلىدۇ ھەمدە شەخسنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ ئەھۋالىغا
ھۆكۈم قىلىشتا پايدىلىنىدۇ.

«ئۆزىنىڭ باياناتى» بولسا ئادەتتە باشقىچە پىكىردە بولغان ئىلتى-
ماس قىلغۇچى ئۆزىنىڭ باشقىچە پىكىردە بولغان ئىلتىماسىغا قايتۇرۇل-
غان جاۋابقا نىسبەتەن ئوخشاشمىغان پىكرى بولسا ياكى چۈشەندۈ-
رۈشكە تېگىشلىك ئالاھىدە ئەھۋال بار دەپ قارىسا، جۇڭگو خەلق بان-
كىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزي باشقىچە پىكىردە بولغان ئىل-
تىماس قىلغۇچىنىڭ باشقىچە پىكىردە بولغان ئالاقىدار ئۇچۇر ئىزاھاتى-
غا 100 خەت ئىچىدىكى ھەجىمدە ئۆز باياناتىنى، يەنى «ئۆزىنىڭ بايانا-
تى»نى ئەسكەرتىپ قويۇشقا يول قويىدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىيلىكىگە باش-
قىچە پىكىردە بولغان ئىلتىماس قىلغۇچى مەسئۇل بولىدۇ. جۇڭگو خەلق
بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزي باشقىچە پىكىرنى قوبۇل
قىلىدىغان ۋە بېجىرىدىغان خادىم باشقىچە پىكىردە بولغانغا جاۋاب قاي-
تۇرۇش ئىلتىماسى، كىملىكى ۋە بايانات مەزمۇنىنىڭ بەلگىلىمىگە ماس
كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ، بىراق
مەزمۇنىنىڭ ھەقىقىيلىكىگە مەسئۇل بولمايدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا،
ئۆزىنىڭ باياناتىنىڭ سودا بانكىسىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىغا ھۆكۈم قى-
لىشتىكى پايدىلىنىش رولىمۇ نىسبەتەن چەكلىك بولىدۇ.

## 108. «سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن نېمە؟

سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ ئۆتكەن
ئىككى يىلدا سۈرۈشتۈرۈلگەن ئەھۋالىنى خاتىرىلەيدۇ، بۇ سۈرۈشتۈ-
رۈش ۋاقتى، سۈرۈشتۈرگۈچى ۋە سۈرۈشتۈرۈش سەۋەبى قاتارلىق

مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامىباب قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنىڭ قاچان، قايسى سەۋەبتىن، كىم تەرىپىدىن تەكشۈرۈل-گەنلىك تارىخى خاتىرىسىدۇر. ئادەتتىكى ئەھۋالدا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ تەكشۈرۈلۈشىدە تۆۋەندىكى سەۋەبلەر بار: قەرز ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئىناۋەت كارتىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، كېپىل بولغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، قەرز بەرگەندىن كېيىن تەكشۈرۈش، ئۆزى سۈرۈشتۈرۈش ۋە باشقىچە پىكىردە بولغانلىقتىن سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىقلار.

## 109. نېمە ئۈچۈن «سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك؟

سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسىدە سۈرۈشتۈرۈش ۋاقتى، سۈرۈشتۈرگۈچى، سۈرۈشتۈرۈش سەۋەبى قاتارلىق ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنىڭ سۈرۈشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ. شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىز «سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرغا، بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئىككى سە-ۋەبكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. بىرىنچىدىن، باشقا ئادەم ياكى ئاپپارات ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈشتە سىزنىڭ ھوقۇق بېرىشىڭىزگە ئېرىشكەنمۇ - يوق؟ ئىككىنچىدىن، ئەگەر مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئىناۋەت دوكلاتىڭىز قەرز ئېلىش، ئىناۋەت كارتىسىنى تەستىق-لىتىش قاتارلىق سەۋەبتىن كۆپ قېتىم ئوخشاشمىغان بانكا تەرىپىدىن سۈرۈشتۈرۈلگەن، بىراق ئىناۋەت دوكلاتىڭىز بۇ مەزگىلدە سىزنىڭ يېڭىدىن قەرز پۇلغا ياكى ئىلتىماس قىلغان ئىناۋەت كارتىسىغا ئېرىشەل-مىگەنلىكىڭىزنى خاتىرىلىگەن بولسا، بۇ بەلكىم سىزنىڭ كۆپلىگەن بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش ياكى ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈ-

رۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئۇچۇر سىزنىڭ يېڭىدىن قەرز پۇلغا ئېرىشىش
ياكى ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىشىڭىزگە پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلىشى
مۇمكىن. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، قەرز ئالغاندىن كې-
يىنكى باشقۇرۇشتا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈشمۇ
«سۈرۈشتۈرۈش خاتىرىسى»گە خاتىرىلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ھو-
قۇق بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنىڭ ھو-
قۇقتىن ھالقىپ سۈرۈشتۈرۈلگەنلىكىنى بايقىسىڭىز، جۇڭگو خەلق بان-
كىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ئىنكاس قىلسى-
ڭىز بولىدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسى «شەخسىي ئىناۋەت ئاساسىي سان-
لىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»
گە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەمەلىي زىيان پەيدا قىلسا، سىز سوت
مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسىڭىز بولىدۇ.

# بەشىنچى قىسىم

## ئىناۋەت دوكلاتىغا بولغان باشقىچە پىكىرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا خاتالىق كۆرۈلسە قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ قىسىمدا ئاساسلىق مۇشۇ مەسىلە ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئالدى بىلەن سىزگە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا خاتىرىلەنگەن مەزمۇننىڭ نېمە ئۈچۈن ئويلىغىنىڭىزدەك بولمىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدىكى مەزمۇنغا باشقىچە پىكرىڭىز بولسا قانداق بىر تەرەپ قىلىشىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىڭىزنى قوغداشنى ئەسكەرتىدۇ.

### 110. شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئايرىم سانلار توغرا بولماسلىق مەسىلىسىگە قانداق قاراش كېرەك؟

شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش ۋە قوغداش بولسا زور بىر سىستېما قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سانلىق مەلۇماتنىڭ توغرا بولماسلىقىدەك ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇ ئايرىم ئەھۋال، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، سانلىق مەلۇماتنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. تۈرلۈك تۈزۈمنىڭ تەدرىجىي ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەمملەشتۈرۈلۈشگە ئەگىشىپ، شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

## 111. سانلىق مەلۇماتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە سىز قانداق ئىشلارنى قىلالايسىز؟

شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى سانلىق مەلۇماتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش زور كۈچ بىلەن قوللىشىڭىزغا ئېھتىياجلىق. سىز تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن ياردەم بىلەن تەمىنلىيەلەيسىز:

توغرا، مۇكەممەل ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش. سىز بانكىدىن قەرز ئېلىش ۋە ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلغان چاغدا، ئۆزىڭىزنىڭ ماتېرىيالىنى توغرا، مۇكەممەل يېزىڭ.

ئۇچۇردا ئۆزگىرىش بولسا بانكىغا خەۋەر قىلىش. ئەگەر ئاساسىي ئۇچۇرىڭىز، يەنى تۇرۇۋاتقان ئورۇن، نىكاھلىنىش ئەھۋالى، ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولسا، ۋاقتىدا بانكا ئاپپاراتىغا بېرىپ ئۇچۇرىڭىزنى يېڭىلايسىز. مۇشۇنداق قىلسىڭىز سودا بانكىسى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرىڭىزنى شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلىدۇ. سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئەھۋالىڭىزنى ئومۇميۈزلۈك توغرا خاتىرىلەيدۇ.

شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش. شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۈرۈشتۈرۈڭ. سىز ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىسىز، ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئاسان بايقىيالايسىز، شۇڭا ئىناۋەت دوكلاتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۈرۈشتۈرۈڭ، بولۇپمۇ بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىش ياكى ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى تەكشۈرۈڭ. بۇنداق قىلسىڭىز سودا بانكىسى بىلەن سودا قىلغان چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىگە نىسبەتەن «كۆڭلىڭىزدە سان» بولىدۇ.

خاتالىقنى سەزگەندە ۋاقتىدا تۈزىتىلىش، ئىناۋەت دوكلاتىدا كۆرۈل-
گەن خاتالىقنى بىلگەن ھامان، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خا-
تىرىلەش مەركىزى، خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇ-
رۇش تارمىقى ياكى خاتا ئۇچۇرنى تەمىنلىگەن سودا بانكىسى قاتارلىق
ئاپپارات بىلەن ئالاقىلىشىپ، خاتالىقنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، شەخسىي ئى-
ناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرىڭىزنىڭ تېخىمۇ
توغرا بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈڭ.

## 112. باشقىچە پىكىردە بولۇش دېگەن نېمە؟

باشقىچە پىكىردە بولۇش دېگىنىمىز شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئىناۋەت
دوكلاتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇچۇرغا قارىتا ئىنكار قىلىش ياكى
ئوخشاشمىغان پىكرىنى ساقلاش دېگەنلىكتۇر. باشقىچە پىكىردە بولۇش-
نى ئاساسەن تۆۋەندىكى سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: بىرىنچى،
شەخسنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرىدا ئۆزگىرىش بولسىمۇ، بىراق سىز ئۆزگى-
رىش بولغاندىن كېيىنكى ئۇچۇرنى سودا بانكىسى قاتارلىق سانلىق مە-
لۇمات يوللايدىغان ئاپپاراتقا ۋاقتىدا تەمىنلىمەي، ئۇچۇرىڭىزنى يې-
ڭىلاشقا تەسىر كۆرسەتسىڭىز؛ ئىككىنچى، سانلىق مەلۇمات يوللايدىغان
ئاپپاراتلار سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرنى خاتا كىرگۈزۈپ قويسا ياكى
ۋاقتىدا يېڭىلىمىغان بولسا، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇننىڭ خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش؛ ئۈچىنچى،
تېخنىكىلىق ئامىللار سانلىق مەلۇماتنى بىر تەرەپ قىلىشتا خاتالىقنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىش؛ تۆتىنچى، باشقىلار باشقا شەخسنىڭ سالاھىيىتى-
نى سۇيىئىستېمال قىلىپ ياكى قارىسىغا ئىشلىتىپ، قەرز پۇل ياكى ئى-
ناۋەت كارتىسىغا ئىگە بولۇش، شۇنداقلا بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ئىنا-
ۋەت خاتىرىسىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلمەسلىك؛ بەشىنچى،
شەخس ئىلگىرى سانلىق مەلۇمات يوللايدىغان ئاپپارات بىلەن ئىناۋەت

كارتىسى بېجىرىش، قەرز پۇل ئېلىش دېگەندەك ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلغان بولسىڭىز، لېكىن بۇنى ئۆزىڭىز قىلماي تۇرۇپ قىلىنغان بولسا، شەخسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنىڭ ئوغرىلانغان بولۇشى ئېھتىمالى بار.

ئەسكەرتىش: ئۆزىڭىزنىڭ ئۇچۇر دوكلاتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇچۇرغا نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە بولغان ۋاقتىڭىزدا، خەلق بانكىسىنىڭ ئۇچۇر خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ باشقىچە پىكىردە بولۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنى سۇنسىڭىز بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۆزىڭىز بىلەن كەسپىي ئالاقىدە بولغان سانلىق مەلۇمات يوللىغۇچى ئاپپاراتقا بېرىپ ئەھۋالنى ئېنىقلىسىڭىز ۋە كېڭىشىپ ھەل قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## 113. باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا قانداق ماتېرىياللار كېتىدۇ؟

ئەگەر شەخسەن ئۆزىڭىز جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۇچۇر خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ شەخسىي ئۇچۇر دوكلاتىڭىزغا نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى ئوتتۇرىغا قويسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىسىز، كىملىكىڭىزنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ، ئەگەر باشقىلارغا باشقىچە پىكىردە بولۇش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىشنى ھاۋالە قىلسىڭىز، ۋاكالەتچى ھاۋالە قىلغۇچى (سىز) ۋە ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى، ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ شەخسىي ئۇچۇر دوكلاتى، قانۇنىي كۈچى بار ھوقۇق بەرگەنلىك ھاۋالىنامىسى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 114. باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى تېلېفون، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق تاپشۇرسا بولامدۇ؟

ئۇچۇر خاتىرىلەش سىستېمىسى ئىشقا چۈشكەن دەسلەپكى مەز-

گىل بولغاچقا، تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت تورى لىنىيەسىدە سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى تېخى ھازىرلىمىدى، شۇڭا ھازىر ۋاقىتىنچە باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى تېلېفون ياكى ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق قوبۇل قىلالمايدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى ھازىر بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇزۇنغا بارماي تېلېفون، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ يوللار ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىڭىزنى تاپشۇرالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ.

## 115. باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسى قانچىلىك ۋاقىتتا ھەل بولىدۇ؟

سىز تاپشۇرغان شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىڭىز ئادەتتە 15 خىزمەت كۈنى ئىچىدە جاۋابقا ئېرىشىدۇ.

كونكرېت جەريانى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شۆبە ئاپپاراتىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ خىزمەتچىلىرى شۇ كۈنى باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىڭىزنى تور ئارقىلىق جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىگە يوللايدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى باشقىچە پىكىردە بولۇش ئۇچۇرىنى بېكىتىش خىزمىتىنى تېزلىكتە ئورۇنلايدۇ، ئەگەر باشقىچە قاراشتىكى ئۇچۇر ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدىكى باشقىچە قاراشتا بولغان ئۇچۇرنى ئەسكەرتىدۇ ھەمدە دەرھال سىزنىڭ باشقىچە قاراشتا بولغان ئۇچۇرىڭىزنى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي سانلىق مەلۇمات يوللايدىغان ئاپپاراتقا يوللاپ بىرلىكتە تەكشۈرىدۇ. تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق باشقىچە قاراشتا بولغان ئۇچۇردا ھەقىقەتەن خاتالىق بولسا، تۆۋەندىكى ئىككى خىل بىر تەرەپ

قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ: بىرىنچى، كەسپىي سانلىق مەلۇمات يوللايدىغان ئاپپارات جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىگە توغرىلانغان ئۇچۇرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى يوللايدۇ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى ئېلىش مەركىزى ئىككى خىزمەت كۈنى ئىچىدە باشقىچە قاراشتا بولغان ئۇچۇرنى توغرىلايدۇ، ئىككىنچى، تېخنىكىلىق سەۋەب تۈپەيلىدىن سانلىق مەلۇماتنى توغرىلاشقا ۋاقتىنچە ئامالسىز قالسا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى باشقىچە قاراشتا بولغان بۇ ئۇچۇرغا باشقىچە قاراشتا بولغان باشقا ئۇچۇرلاردىن ئالاھىدە تۇرىدىغان ئەسكەرتىش بېرىدۇ.

باشقىچە قاراشتا بولغان ئۇچۇر تۈزىتىلىپ توغرىلانغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى ياكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شۆبە ئاپپاراتىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقى شەخسكە باشقىچە پىكىردە بولۇشقا قارىتا جاۋابنى ئېلىپ كېتىشنى ئۇقتۇرىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىڭىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسىنى تېز تاپشۇرۇۋېلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، توغرا ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىڭىزنى قالدۇرۇپ قويۇڭ.

## 116. دائىم كۆرۈلىدىغان باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسى قايسىلار؟

ھازىر باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدە دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئىلتىماسنىڭ تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرى بار.

بىرىنچى، مەلۇم قەرز ياكى ئىناۋەت كارتىسى ئېلىشنى ئەسلىدىنلا ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ باقمىغان. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئەھۋال بار: باشقىلار سالاھىيىتىڭىزدىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىقچە كىرې-

ىدىت ياكى ئىناۋەت كارتىسىغا ئېرىشىش؛ بەزى ئىناۋەت كارتىسىنى ئو-
رۇن ياكى دوستلىرى شەخس ئۈچۈن بېجىرىپ بەرگەن بىلەن، بىراق
ئىناۋەت كارتىسى شەخسنىڭ قولىغا تەگمەسلىك؛ ئۆزى قەرز ئېلىش
ياكى ئىناۋەت كارتىسى رەسمىيىتىنى بېجىرىش، لېكىن ئۇنتۇپ قېلىش.
ئىككىنچى، قەرز ئېلىش ياكى ئىناۋەت كارتىسىنىڭ قەرەلىنى ئۆت-
كۈزۈۋېتىش خاتىرىسى ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كەلمىگەن دەپ قاراش؛
بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئەھۋال بار: شەخسنىڭ قەرزىنى كې-
لىشىم بويىچە ئورنى ياكى كېپىل بولغان شىركەت ۋە ياكى باشقا ئاپ-
پارات شەخسكە ۋاكالىتەن قايتۇرۇش، بىراق ئورۇن ياكى كېپىل بولغان
شىركەت ۋە ياكى باشقا ئاپپارات تۆلەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئورۇن
ياكى كېپىل بولغان شىركەت ۋە ياكى باشقا ئاپپارات بانكىنىڭ قەرزىنى
ۋاقتىدا قايتۇرماي قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش؛ شەخس بېجىرگەن ئىناۋەت
كارتىسىنى ئەزەلدىن ئىشلەتمەي باقمىغانلىق سەۋەبى بىلەن يىللىق ھەق-
قىگە قەرز بولۇپ، قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش؛ شەخس بانكا بېكىتكەن
قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ قائىدىسىنى ئېنىق بىلمەي، ئاڭسىزلىقتىن
قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش. مەسىلەن، قەرز پۇل ئېلىش توختامىدا ھەر
ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قايتۇرۇش بەلگىلەنگەن بولسا، بەزىلەر ئاي ئاخىرىدىن
بۇرۇن قايتۇرسىلا بولىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، شەخسنىڭ ھەر ئايدا قە-
رەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قەرز قايتۇرۇش خاتىرىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ئۈچىنچى، سالاھىيىتى، تۇرۇشلۇق جايى، كەسپى قاتارلىق
شەخسنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەسلىك.
باشقىچە پىكىردە بولۇشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەز-
گىلدە ئىلتىماس ماتېرىيالىنى تولدۇرغاندا يازغىنى خاتا ئۇچۇر بولسا
ياكى كېيىن ئاساسىي ئۇچۇرىدا ئۆزگىرىش بولسا، ۋاقتىدا بانكىغا بېرىپ
يېڭىلىماسلىق؛ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھەر ئايدا

بىر قېتىم ئۇچۇر يېڭىلايدىغان بولۇپ، سىستېما نورمال يېڭىلاش ۋاقتىغا كەلمىگەن.

تۆتىنچى، كېپىل بولۇش ئۇچۇرىغا باشقىچە پىكىردە بولۇش. بۇنىڭدا ئادەتتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئەھۋال مەۋجۇت: شەخسنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنى ياكى دوستى شەخسنىڭ نامىدا كېپىل بولۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش، ئەمما شەخسلەر ئۇنتۇپ قېلىش ياكى پەقەتلا بىلمەسلىك؛ شەخس ئۆزىنىڭ گۇۋاھنامىلىرىنى پۇختا ساقلىمىغانلىقتىن، باشقىلار ئۇنىڭ گۇۋاھنامىلىرىنى ئىشلىتىپ كېپىل بولۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋېلىش؛ شەخسلەر ئىلگىرى باشقىلارنىڭ قەرز پۇلى ياكى ئىناۋەت كارتىسى ئېلىش ئىلتىماسىغا كېپىل بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىش.

> **بىلىۋېلىڭ:** ھازىر ھەرقايسى بانكىنىڭ كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىسىنىڭ يىللىق ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش ئۇسۇلى ئوخشاشمىغاچقا، شەخسلەر كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا بېجىرگەندە، بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىش كېلىشىمى ۋە توختام مەزمۇنىنى تەپسىلىي ئوقۇپ، يىللىق ھەقنى تۇتۇپ قېلىش ئۇسۇلىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى، ھەرگىزمۇ تەشۋىق قىلىدىغان خادىمنىڭ ئاغزاكى ۋەدىسىگە ئىشىنىپ قالماسلىقى، شۇ ئارقىلىق يىللىق ھەققە قەرز بولۇپ قېلىپ سەلبىي ئىناۋەت خاتىرىسى پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

## 117. سۇبىيېكتىپ سەۋەبتىن باشقا دائىم كۆرۈلىدىغان شەخسلەرنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشىدىن قايسىلار بار؟

شەخسلەرنىڭ سۇبىيېكتىپ سەۋەبتىن بولغان «باشقىچە پىكرى» شەخسنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ سۇبىيېكتى بولغان ئالاقىدار ئادەم بەك ئۈۋاللىق ھېس

قىلىشى مۇمكىن، بىراق ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تۈردىكى ئىشلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ھەممىسى ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن ئىشلار بولۇپ چىقىدىغان بولۇپ، ئالاقىدار ئادەمنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ. دائىم كۆرۈلىدىغان دېلو مىسالى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل بولىدۇ:

(1) شەخسلەر ئاپتوموبىل قەرز پۇلى ئېلىش دېگەندەك ئىستېمال كىرېدىت كەسپى، شۇنداقلا ئۆي-زېمىن تەرەققىيات سودىگىرى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بەرگەن رەنە مال كەسپىنى بېجىرىپ، كېلىشىم بويىچە ئاپتوموبىل سېتىش سودىگىرى، ئۆي زېمىن تەرەققىيات سودىگىرى، ۋاكالەتلىك قىلغان تەرەپ قاتارلىق ئۈچىنچى تەرەپكە قەرزنى قايتۇرغان بولسا، ئۈچ تەرەپ قەرزنى قايتۇرمىغانلىقتىن، ھەتتا يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغانلىقتىن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا قەرزنىڭ قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش خاتىرىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(2) شەخسلەر ئۆي سېتىۋېلىشتا رەنە مالىق قەرز پۇلى ئېلىشنى بېجىرگەندىن كېيىن، يەنە ھەر خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆينى قايتۇرۇۋېتىدۇ، تەرەققىيات سودىگىرى شەخسنىڭ تۇنجى تۆلىگەن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بىراق بانكىدىن رەنە مالىق ئالغان قەرز پۇلنى تولۇق قايتۇرۇپ تۈگەتمەي، پۇلنى داۋاملىق ئىشلىتىپ ھەم قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرماي، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش خاتىرىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(3) شەخسلەر رەنە مالىق قەرز پۇلى ئېلىپ ئۆي سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۆينى سېتىۋېتىپ، بانكىغا بېرىپ رەنە مالىق قەرز پۇلنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرمەيدۇ، كېيىن ئۆي خوجايىنى ۋاقتىدا قەرز پۇلنى قايتۇرماي شەخسنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش خاتىرىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(4) شەخسلەر بېجىرگەن تۇرالغۇ جامائەت جۇغلانمىسى قەرز پۇلى ھەر ئايدا تۇرالغۇ جامائەت جۇغلانمىسىدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ، لېكىن خىزمەت ئورنىنىڭ پۇل تاپشۇرۇشى ۋاقتىدا بولمىغانلىقى ياكى جامائەت جۇغلانمىسى مەركىزى ۋە بانكا ئوتتۇرىسىدىكى ھېساب ئاغدۇرۇشتا ۋاقىت پەرقى ساقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىك خاتىرىسى پەيدا بولىدۇ.

(5) شەخسلەر بانكىنىڭ قەرنى قايتۇرۇش كۈنى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى چۈشەنمىگەنلىكى ياكى بانكا خىزمەتچىلىرىنىڭ قەرز پۇلنى قايتۇرۇش كۈنىنى ئېنىق بىلدۈرمىگەنلىكى ۋە ياكى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنىڭ تەڭشەلگەنلىكى، قەرز پۇل قايتۇرىدىغان كۈننىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بانكا شەخسكە ئۇقتۇرۇپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن، شەخسنىڭ توختام كېلىشىمى بويىچە ۋاقتىدا قەرز پۇلنى قايتۇرالماسلىقىنى پەيدا قىلىدۇ، نەتىجىدە شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىك خاتىرىسى كۆرۈلىدۇ.

(6) شەخسلەر ئىناۋەت دوكلاتىدا شەخس تاپشۇرۇپ ئالمىغان ئىناۋەت كارتىسىنىڭ يىللىق ھەققىنى تۇتۇپ قېلىشقا چېتىشلىق بولغان قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىك خاتىرىسى پەيدا بولىدۇ.

(7) مال ساتقۇچى سودىگەر ياكى بانكىدا بەزى تالاش-تارتىش پەيدا بولۇش تۈپەيلىدىن قەرەلى بويىچە قەرز قايتۇرۇلماسلىقمۇ قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىك خاتىرىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

(8) شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا چېتىلىدىغان تۇرۇشلۇق ئادرېسى، خىزمەت ئورنى قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، بانكىدا ۋاقتىدا يېڭىلانمىغانلىقتىن، ئاساسىي ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەسلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

(9) شەخس يېقىنقى مەزگىلدە بېجىرگەن قەرز ۋە ئىناۋەت كارتىسى ھېسابىنى ئۆزۈش كەسپى ئۇچۇرى ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇرنى يېڭىلاش دەۋرىنىڭ سەۋەبىدىن ۋاقتىنچە ئىنكاس قىلىنمايدۇ.

**بىلىۋېلىڭ:** تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىناۋەت دوكلا-
تىدا خاتىرىلەنگىنى بىلەن ئەمەلىي ئەھۋال ئوتتۇرىسىدا خاتا-
لىق بار دەپ بېكىتىلسە، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت
خاتىرىلەش مەركىزى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تۈزىتىشىد-
گە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان (1) دىن
(4) كىچە بولغان ئەھۋالدا، باشقىچە پىكىرنى بىر تەرەپ قىـ-
لىش تەرتىپى بويىچە تەكشۈرگەندىن كېيىن، دوكلات خاتىـ-
رىسىدە خاتالىق چىقمىغانلىقى، ئۇچىنچى تەرەپنىڭ ھەرىكىتى-
نىڭ شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى بېكىتىلسە، سوت مەھكىمىسىگە
شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىگە يامان تەسىر قىلغان مۇناسىـ-
ۋەتلىك ئادەملەر ئۈستىدىن ئايرىم-ئايرىم ئەرز قىلىسىڭىز بو-
لىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرى كېسىم چىقىرىپ ئۆزىڭىزنىڭ مەس-
ئۇلىيىتى ئەمەسلىكىنى بېكىتسە، مۇناسىۋەتلىك پۇل مۇئامىلە
ئاپپاراتلىرىدىن ئىناۋەت ئۇچۇرىنى توغرىلاشنى تەلەپ قىلا-
سىڭىز بولىدۇ. (5) ئەھۋالدا زور كۆپ قىسىم سودا بانكىسى
بىلەن پۇل قەرز ئالغۇچىنىڭ توختام مەزمۇنىغا ئاساسەن
قەرزنىڭ ئۆسۈمنى تەڭشەش تۈپەيلىدىن قەرز پۇل قايتۇ-
رۇشتا ئۆزگىرىش بولسا، بانكا ئايرىم ئۇقتۇرمايدۇ، شۇڭا ئۆ-
زىڭىزنىڭ قەرز قايتۇرىدىغان ۋاقتى ۋە قايتۇرىدىغان سوممىغا
دىققەت قىلىڭ. (6) ~ (7) ئەھۋالغا قارىتا، قەرز قايتۇرۇش
رەسمىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇڭ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىك خاتىرىسـ-
ىنىڭ سەۋەبىگە قارىتا، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزغا
شەخسىي بايانات قوشۇپ چۈشەندۈرۈشنى ئىلتىماس
قىلسىڭىز بولىدۇ. (8) ئەھۋالغا قارىتا سىز بېجىرگەن بانكا
بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ، ئاساسىي ئۇچۇرىڭىزنى يېڭىلاڭ.
(9) ئەھۋال نورمال بولۇپ، بەلگىلىك دەۋرگە كەلگەندە،
شەخسنىڭ كىرىدىت كەسپى ئۇچۇرى تەبىئىي يېڭىلىنىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا، سىز يەنە بېجىرگەن بانكىغا بېرىپ سىزگە
پۇل قايتۇرۇش ئىسپاتى يازدۇرۇڭ.

**118. شەخس ئىناۋەت كارتىسى ئاكتىپلاشتۇرۇلمىغاندىن كېيىن چىققان يىللىق ھەققە قەرز بولۇش ئەھۋالىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلەنگەنلىكىگە قايىل بولمىسا، باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟**

بۇنىڭدا ئاۋۋال توختامغا قارىلىدۇ، ئەگەر توختامدا ئىناۋەت كارتىسىنى ئاكتىپلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولسا، باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. ئەگەر توختامدا ئىناۋەت كارتىسى ئاكتىپلاشتۇرۇلمىسىمۇ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنسە، يىللىق ھەقنى تۆلەپ قىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش خاتىرىسى باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ئىگىلىنىشچە، نۇرغۇن سودا بانكىسى ئاكتىپلاشتۇرۇلمىغان ياكى ئىشلىتىلمىگەن ئىناۋەت كارتىسىنىڭ ھەممىسىدىن بەلگىلىك يىللىق ھەق ئېلىۋېتىپتۇ، سودا بانكىسى كىرىپ خاتىرىلىنىدىغان كارتىنى بېجىرىش توختامىدا ئېنىق قىلىپ A تەرەپ (بانكا تەرەپ) دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن يىللىق ھەق، يېتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىش چىقىمىنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلىگەن. بەزى بانكىلار ئىناۋەت كارتىسىنى ئاكتىپلاشتۇرۇپ بىر نەچچە قېتىم ئىشلەتكەندىن كېيىن يىللىق ھەقنى ئالماسلىقتەك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى چىقارغان، بىراق بۇ ئىناۋەت كارتىسى ئاكتىپلاشتۇرۇلمىسا، يىللىق ھەق ئېلىنمايدۇ دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. ئەگەر يىللىق ھەققە قەرز بولسا، مۇناسىپ قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۇچۇرى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ، شۇڭا زۆرۈر بولمىغان ئاۋارىچىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىز ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلەتمەيدىغان بولسىڭىز، ئاكتىپلاشتۇرۇلمىغان، شۇنداقلا يىللىق ھەق پەيدا بولمىغان كارتىنى بىكار قىلدۇرۇۋېتىڭ.

## 119. دوستۇم مېنىڭ كىملىكىمنى ئىشلىتىپ بانكىدىن قەرز ئېلىپ قايتۇرمىدى، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر مېنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىمغا خاتىرىلەنسە، باشقىچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويسام بولامدۇ؟

بولمايدۇ، ئىنكاس قىلغان مەسىلىدىن قارىغاندا، كىملىكىڭىزنى ئارىيەت بېرىش بولسا ئۆزىڭىزنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ بارغان ئاڭلىق ھەرىكىتىڭىز بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەرگە مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك. قانۇن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كىملىك قانۇنى»دا كىملىكنى ئىجارىگە، ئارىيەتكە بېرىش، ئۆتنۈپ بېرىش قانۇنسىز ھەرىكەت بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرى ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەم 200 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، قانۇنسىز تاپاۋىتى بولسا مۇسادىرە قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

## 120. شەخسنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرغا نىسبەتەن باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا چېتىشلىق بولغان ئاساسىي ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنى: ئىسىم فامىلىسى، جىنسى، كىملىك نومۇرى، تۇغۇلغان ۋاقتى، خىزمەت ئورنى، ئالاقىلىشىش ئادرېسى، پوچتا نومۇرى، نوپۇس تۇرۇشلۇق ئورۇن، ئالاقىلىشىش تېلېفونى، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى، ئەڭ يۇقىرى ئوقۇش تارىخى، ئەڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانى، نىكاھلىنىش ئەھۋالى، جورىسىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، جورىسىنىڭ كىملىك نومۇرى، جورىسىنىڭ خىزمەت ئورنى، جورىسىنىڭ ئالاقىلىشىش تېلېفونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر ئىناۋەت دوكلاتىغا چېتىشلىق ئىسىم-فامىلىسى، جىنسى، كىملىك نومۇرى قاتارلىق ئۇچۇرغا نىسبەتەن باشقىچە پىكرىڭىز بولسا، سىز جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى ياكى

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شۆبە تارماق بانكىسىدىكى ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا باشقىچە پىكىردە بولۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىڭىزنى تاپشۇرسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر تەكشۈرۈش ئارقىلىق شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەزى ئۇچۇردا خاتالىق بارلىقى ئىسپاتلانسا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى سانلىق مەلۇمات يوللىغان سودا بانكىسى قاتارلىق ئاپپاراتنىڭ خاتا ئۇچۇرنى توغرىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

ئەگەر شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى ئالاقىدار ئۇچۇرغا باشقىچە پىكرىڭىز بولسا، بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاددىي چارە، سىز كەسپى مۇئامىلە قىلغان سودا بانكىسىغا بېرىپ ئۆزىڭىزنىڭ ئۇچۇرنى يېڭىلاش ۋە توغرىلاش. سودا بانكىسى كېيىنكى قېتىم سانلىق مەلۇمات يوللىغاندا سىزنىڭ يېڭىلىغان ۋە توغرىلىغان ئۇچۇرىڭىزنى يوللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئاساسىي ئۇچۇرىڭىزمۇ يېڭىلىنىدۇ ۋە توغرىلىنىدۇ.

## 121. شەخسىنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ۋە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت جۇغلانمىسى ئۇچۇرىغا قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىدۇ؟

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا ئىنكاس قىلىنغان شەخسىنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ئۇچۇرى ياكى تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئۇچۇرىنى ئەمەلىي ئەھۋالىڭىزغا ماس كەلمەيدۇ دەپ قارىسىڭىز، بىۋاسىتە ئۆز جايىڭىزدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت ئاپپاراتى ياكى ئۆز جايىڭىزدىكى تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى مەركىزىگە بېرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرۈشنى ۋە ئۇچۇرنى ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ، ئۆز جايىڭىزدىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا باشقىچە پىكىردە بولغانلىق ئىلتىماسىڭىزنى يازمىچە تاپشۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇچۇرى ياكى جامائەت

فوندى ئۇچۇرى ئەسلىدىكىگە ئوخشىماي قېلىش سەۋەبىدىن قەرز پۇل ئېلىش ياكى ئىناۋەت كارتىسى كەسپى بېجىرىشىڭىزگە تەسىر يەتكۈزسە، ئۆز جايىڭىزدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت تارمىقى ياكى تۇرالغۇ جامائەت فوندى جۇغلانمىسى مەركىزىدىن يازمىچە ئىسپات ئېلىۋېلىڭ.

## 122. شەخسىنىڭ تېلېگراف ھەققىنى تۆلەش ئۇچۇرىغا قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىدۇ؟

ئەگەر سىزنىڭ تېلېگراف ھەققىنى تۆلىگەن ئۇچۇرغا باشقىچە پىكرىڭىز بولسا، ئۆزىڭىزنىڭ سالاھىيەت ئىسپاتلىرى ۋە تېلېگراف ھەققى تالونىنى ئېلىپ بىۋاستە تېلېگراف شىركىتىگە بېرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرسىڭىز ۋە ئۇچۇرنى ئۆزگەرتسىڭىز بولىدۇ، ئۆز جايىڭىزدىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ باشقىچە پىكىردە بولغانلىقىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## 123. شەخسىنىڭ راسچوت ئىسچوت ئۇچۇرىغا قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىدۇ؟

ئەگەر سىزنىڭ شەخسىي راسچوت ئىسچوت ئۇچۇرىغا باشقىچە پىكرىڭىز بولسا، ئۆزىڭىزنىڭ ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتلىرىنى ئېلىپ شەخسىي راسچوت ئىسچوت ئاچقان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىغا بېرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرسىڭىز ۋە ئۇچۇرنى ئۆزگەرتسىڭىز بولىدۇ، ئۆز جايىڭىزدىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ باشقىچە پىكرىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## 124. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا شەخسلەرنىڭ كىرىدىت سودا ئۇچۇرنى خاتىرىلەشتە چۈشۈرۈپ قويۇلسا قانداق قىلىش كېرەك؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا شەخسىنىڭ كىرىدىت سودا ئۇچۇرنى

خاتىرىلەشتە چۈشۈرۈپ قويۇلسا، سىز ئۆز جايىڭىزدىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ باشقىچە پىكىردە بولغانلىقىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىش ئىلتىماسىنى سۇنسىڭىز بولىدۇ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقى ياكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى سودا بانكىسى قاتارلىق ئاپپاراتتىن چۈشۈرۈپ قويغان ئۇچۇرنى تولۇقلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، باشقىچە پىكىردە بولغانلىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرغاندا مۇناسىۋەتلىك مۇئامىلىگە دائىر تەپسىلىي ئەھۋال بىلەن تەمىنلەشنى ئۇنتۇماڭ.

## 125. باشقىچە پىكىردە بولۇشنىڭ سەۋەبى ئۇچۇرنىڭ كېيىن قىلىشىدىن بولغان بولسا قانداق قىلىدۇ؟

چەت ئەلدە ئىناۋەت خاتىرىلەش ئاپپاراتىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئۇچۇرنى يېڭىلاش ۋاقتى ئۈچ خىل بولىدۇ، يەنى شۇ ۋاقىتتا يېڭىلاش، ئىككىنچى كۈنى يېڭىلاش ياكى كېيىنكى ئايدا يېڭىلاشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزدە سودا بانكىسىنىڭ راسچوتى كۆپ ھاللاردا ئايىنى بىرلىك قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئايدا بىر قېتىم سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئۇچۇرنى يېڭىلايدۇ، شۇڭا ئەڭ يېڭى ئىناۋەت ئۇچۇرى ئادەتتە بىر ئايدىن كېيىن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئۇچۇرنى يېڭىلاش ۋاقتىنى تەدرىجىي تېزلىتىپ، ئۇچۇرنىڭ كېيىن قېلىش مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھەل قىلىدۇ.

## 126. قايسى خىل ئەھۋالدا «باشقىچە پىكىردە بولغانلىقنى ئەسكەرتىپ قويۇش»نى ئىشلىتىش زۆرۈر بولىدۇ؟

«باشقىچە پىكىردە بولغانلىقنى ئەسكەرتىپ قويۇش» بولسا جۇڭ-

گو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىي ئېھتىياجغا ئاساسەن شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا قوشۇپ قويغان چۈشەندۈرۈشتۇر. «باشقىچە پىكىردە بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش»نى ئىشلىتىدىغان ئەھۋال تۆۋەندىكى ئىككى خىلدىن ئىبارەت: بىر خىلى، باشقىچە پىكىرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدىكى ئۈچۈر بولۇپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى ئەسكەرتىش يېزىپ بۇ ئۇچۇرنىڭ باشقىچە پىكىرنى بىر تەرەپ قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئاخىرقى نەتىجىنىڭ چىقمىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ، يەنە بىر خىل ئەھۋال بولسا، تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدىكى بەزى ئۇچۇرنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن تېزدىن توغرىلاشقا ئامالسىز قالىدۇ.

## 127. باشقىچە پىكىرنى بىر تەرەپ قىلىشقا نىسبەتەن يەنىلا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىدۇ؟

ئەگەر سىزنىڭ باشقىچە پىكىرنى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىگە قارىتا يەنە باشقا پىكرىڭىز بولسا, تۆۋەندىكى ئۈچ قەدەم-باسقۇچ بويىچە بىر تەرەپ قىلسىڭىز بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچتا, ئۆز جايىڭىزدىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزغا شەخسىي بايانات بېرىشنى ئىلتىماس قىلىسىز. «شەخسىي بايانات» بولسا، ئالاقىدار ئادەمنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشنى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىگە بولغان قارىشى ۋە تونۇشى بولۇپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى «شەخسىي بايانات»نى شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئېلان قىلغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئەمما باشقىچە پىكىردە بولۇش بايانات مەزمۇنىنىڭ توغرىلىقىغا مەسئۇل بولمايدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچتا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ئىنكاس قىلىڭ.

ئۈچىنچى باسقۇچتا، سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ قانۇن ۋاستىسىنىڭ ياردىمىدە ھەل قىلىڭ.

## 128. قانداق ئەھۋالدا «شەخسىي بايانات» ئىشلىتىلىدۇ؟

مەلۇم ئەھۋالدا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش سىز ئۆزىڭىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن پەيدا بولمىغان، ھەم سودا بانكىسى قاتارلىق سانلىق مەلۇمات يوللايدىغان ئاپپاراتنىڭ خاتالىقىدىن بولمىغان چاغدا، «شەخسىي بايانات» تىن پايدىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرسىڭىز بولىدۇ، مەسىلەن، شەخسلەر ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن رەنە مال قەرز پۇلى ئالغاندىن كېيىن، يەنە ھەر خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆيىنى قايتۇرۇۋەتسە، ئۆي-مۈلۈك تەرەققىيات سودىگىرى شەخسلەر دەسلەپ تۆلىگەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، بانكىدىن ئالغان رەنە مال قەرز پۇلنى تۆگەتمەسلىكتىن سەلبىي ئىناۋەت خاتىرىسىنى پەيدا قىلسا، بۇ ۋاقىتتا سىز شەخسىي بايانات قوشسىڭىز بولىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** بەزى ئەھۋاللار «شەخسىي بايانات» ئېلان قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ. مەسىلەن، كاماندىروپكىغا چىقىش، خىزمەت ئالدىراش بولۇش قاتارلىق شەخسىي سەۋەبلەر پەيدا قىلغان قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتە شەخسىي بايانات ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ.

## ئالتىنچى قىسىم

# ئىناۋەتنى قوغداشتا ئۆزىگە تايىنىش

ئىناۋەت بولسا ھەر بىر ئادەمدە بولىدىغان ئەمەلىي بايلىق. سىزدە ياخشى ئىناۋەت بولسا بانكىدىن قەرز ئېلىش، خىزمەت ئىزدەش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپتە قولايلىقلاردىن بەھرىمەن بولىسىز. بىراق، بۇ بايلىققا قىسقا ۋاقىتتىلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى ھەر بىر ئادەم كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاستا-ئاستا يىغىشى كېرەك. بۇ قىسىمدا سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى ئىناۋەت خاتىرىسىنى قانداق قوغداشنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ سالاھىيىتىنى قوغداشنى، ياخشى كىرىدىت سودا ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشنى ئېسىڭىزگە سالىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىناۋەت ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى قوغدىشىغا باغلىق.

## 129. نېمە ئۈچۈن «ئۆزۈمنىڭ ئىناۋىتىگە ئۆزۈم ئىگە بولىمەن» دەيمىز؟

سىز بەلكىم «مەلۇم بانكىنىڭ ئىناۋىتىمگە بەرگەن باھاسى ياخشى ئەمەس» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئاڭلىماققا بۇ سىزگە ئىناۋىتىڭىزنىڭ ياخشى-يامانلىقىدا مەلۇم بانكىنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خاتا چۈشەنچە، چۈنكى مەلۇم بانكا ئىناۋىتىڭىزنى باھالىغاندا ئاساسلىنىدىغىنى سىزنىڭ ئىلگىرىكى ئىناۋەت پائالىيىتىڭىزنىڭ خاتىرىسى. شۇڭا، ئىناۋەت ئەھۋالىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى يەنىلا سىزنىڭ ئىلگىرىكى ئىناۋەت پائالىيىتىڭىز بەلگىلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئۆزۈمنىڭ ئىناۋىتىگە ئۆزۈم ئىگە بولىمەن» دەيمىز.

**130. كىرىدىت پائالىيەتلىرىدە نېمە ئۈچۈن «ئېغىزدىكى گەپكە ئاساسلانغىلى بولمايدۇ، تۈزگەن توختام ئىسپات بولىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئەمەل قىلىنىدۇ؟**

كىرېدىت پائالىيەتلىرىدە «ئېغىزدىكى گەپكە ئاساسلانغىلى بولمايدۇ، تۈزگەن نوختام ئىسپات بولىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش دېگەنلىك، كىرېدىت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەم يازمىچە توختام ئىمزالاش ئارقىلىق كىرېدىت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەمنىڭ هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق بېكىتىش، زىيانىنى تۆلىتىشتە ئۈنۈملۈك ئىسپاتقا ئىگە بولۇش، شۇ ئارقىلىق لەۋزىدە تۇرماسلىق سەۋەبىدىن زىيان پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئېغىزچە تۈزگەن توختام بولسا «ئېغىزچە ئېيتقان گەپ ئىسپات بولالمايدۇ» غانلىقتىن، بۇنداق توختام بىلەن كىرېدىت پائالىيىتىدىكى ئاساسقا ئىگە بولغىلى بولمىغاچقا، لەۋزىدە تۇرماسلىق ھەرىكىتىنى چەكلەش تەسكە توختايدۇ.

مەسىلەن، بانكىدىكى تىجارەت خادىمى ئىناۋەت كارتىسىنى چۈشەندۈرگەن چاغدا، دائىم ئىناۋەت كارتىسى ئىشلىتىشنىڭ پايدىلىق ئامىللىرىنى بەكرەك چۈشەندۈرىدۇ، ئەمما ئىشلىتىش جەريانىدىكى يوشۇرۇن خەۋپ-خەتەرنى خېرىدارلارغا ئىنتايىن ئاز تونۇشتۇرىدۇ ياكى تونۇشتۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇئامىلىدارنىڭ كارتا بېجىرىشتە ئاقىلانە بولماي قارىغۇلارچە كارتا بېجىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ئىناۋەت كارتىسى كۆپ بولۇپ كەتسە، شەخسلەر ھەر بىر كارتىنىڭ ئۆسۈمسىز مۇددىتى، قەرز قايتۇرۇش ۋاقتى، ئىستېمال سوممىسىنى ئېسىدە ساقلاپ بولالماي، ئاسانلا ئىناۋەت كارتىسىنىڭ يىللىق ھەققىگە قەرز بولۇپ قېلىش ياكى قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ پۇل قايتۇرۇش ھادىسىسىنى پەيدا قىلىپ، سەلبىي خاتىرە شەكىللەندۈرىدۇ.

## 131. ئىمزا قويۇشتىن ئاۋۋال نېمە ئۈچۈن توختام تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىلىدۇ؟

ئىناۋەت خاتىرىسى ئېلىش سىستېمىسى يىغقان كىرېدىت مۇئامىلە ئۈچۈرى ئاساسىي جەھەتتىن مۇئامىلە قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ يازمىچە توختامدىكى مەزمۇنىدىن ئىبارەت. ئىمزا قويغان توختامنىڭ ماددىلىرىنى چۈشەنمەسلىك، ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئېنىق بىلمەسلىك بولسا نۆۋەتتە مۇئامىلىدارلارنىڭ سەلبىي خاتىرىنى داۋاملىق پەيدا قىلىشىنىڭ دائىملىق سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا، كېلىشىم بويىچە قەرز پۇل قايتۇرمىغاندا سەلبىي خاتىرىنى پەيدا قىلىپلا قالماي، ئۆزىمۇ ئىنتايىن ئۇۋۋال قىلىنغاندەك بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا توختام ئىمزالاشتىن ئاۋۋال، ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توختامنىڭ ماددىلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشى، بولۇپمۇ كەچۈرۈم جاۋابكارلىق ماددىلىرىنى ئىنچىكە ئوقۇپ چىقىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن سەلبىي خاتىرە سادىر بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالسا بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىمزا قويغان ئىكەن، توختامدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلىشى كېرەك، بولمىسا «ئەھۋالنى بىلمىگەن» تەقدىردىمۇ، ئىناۋەت خاتىرىلەش سىستېمىسى يەنىلا خاتىرىلەۋېرىدۇ.

## 132. نېمە ئۈچۈن تۈرلۈك ئىلتىماس جەدۋىلى ئەينەن تولدۇرۇلىدۇ؟

1. تۈرلۈك ئىلتىماس جەدۋىلىگە ئىلتىماس قىلغۇچى، كېپىل بولغۇچى ۋە ئالاقىدار شەخسنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇچۇر بىلەن ئەينەن تەمىنلەش شەخسنىڭ سەممىي، ئىشەنچلىك بولۇشىدىكى بىر ئاساسىي تەلەپتۇر.

2. ئەگەر ماتېرىيال ھەقىقىي بولمىسا ياكى خاتالىق بولسا، ئىناۋەت

خاتىرىلەش ئاپپاراتى ۋە ئۇچۇرنى ئىشلەتكۈچىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ھەتتا تالاش-تارتىش تۇپەيلىدىن قانۇنىي مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئائىلە ئادرېسى، تېلېفون نومۇرى ئۆزگەرگەندە بانكىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويمىسا، بانكىنىڭ ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونى شەخسنىڭ قولىغا تەگمەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن قەرز قايتۇرۇش كېچىكىپ كەتسە، ئاسانلا سەلبىي خاتىرە پەيدا قىلىپ، ئۆزگە قولايسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. يەنە مەسىلەن، ئەگەر قەستەنلىك بىلەن باشقىلارنىڭ نامىنى قارىسىغا ئىشلىتىپ بانكىدىن قەرز ئالسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

## 133. ئۆي كۆچكەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز شىركەتلىرىگە بېرىپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

سىز ئۆي كۆچكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ نىمكەش ئۆيگە يېڭىدىن كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز شىركەتلىرىگە بېرىپ سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەقلىرىنى ئىشلەتكۈچى، يەنى ئۆي خوجايىنىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىۋېتىڭ، بولمىسا شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىدا بىرسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىگە يەنە بىرسىنىڭ ئىناۋەت پائالىيىتى خاتىرىلىنىپ قېلىشتەك ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. سەۋەبى نۆۋەتتە بىر قىسىم شەھەردىكى سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز شىركەتلىرى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۆلەيدىغان سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەقلىرىنىڭ ئۇچۇرى بىلەن، جۇملىدىن ھەققە قەرز بولۇپ قېلىش ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى. بۇ ئۇچۇرنىڭ ھەممىسى ئەسلىي خوجايىنىنىڭ نامىدا بولىدۇ، شۇڭا سىز ئۆي كۆچكەندە سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز

شىركەتلىرىگە بېرىپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارمىسىڭىز، ئەسلىي ئولتۇرۇشلۇق جايىڭىزدىكى سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەقلىرىنىڭ ئۇچۇرى يەنىلا سىزنىڭ نامىڭىزغا خاتىرىلىنىدۇ، شۇنداقلا يېڭى ئۆيىڭىزدىكى سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەقلىرىنىڭ ئۇچۇرى ئوخشاشلا ئەسلىي ئىگىسىنىڭ نامىغا خاتىرىلىنىدۇ. بۇنداق بولسا ۋاقتىدا تۆلىمەسلىك ئەھۋالى چىقسا ھەممىسى خاتا ھالدا بىگۇناھ ئادەمنىڭ نامىغا خاتىرىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى سان توغرا بولماي قالىدۇ، ئېغىر بولغاندا قانۇنىي جەھەتتىن ئېغىر تالاش-تارتىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىز ئۆي كۆچكەندىن كېيىن سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز شىركەتلىرىگە بېرىپ مۇناسىپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇماڭ.

## 134. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئىشلىتىشكە بېرىشكە بولمايدۇ؟

ئالدى بىلەن بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ، ئاندىن قالسا ئىناۋەت خاتىرىسىنىڭ ھەقىقىي بولماسلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. بىر مىسال ئالساق، ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى بولىدۇ. بۇ سۇبيېكت چوقۇم بىرسى بولۇشى كېرەك، بۇ سۇبيېكت سىز بولمىسىڭىز يەنە بىرسى بولىدۇ، ئەگەر بىرسىنىڭ ۋەدىگە ئەمەل قىلىش ھەرىكىتى يەنە بىرسىنىڭ نامىغا خاتىرىلەنسە، بۇ كېيىنكىسىگە ئىناۋەت بايلىقى توپلاپ بەرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ئادەم ئۆزىنىڭ ۋەدىگە ئەمەل قىلىشى ئېلىپ كەلگەن پايدىلىق تەرەپكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەگەر بىرسىنىڭ ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىق ھەرىكىتى يەنە بىرسىنىڭ نامىغا خاتىرىلەنسە، ئەسلىدىكى ئادەم كېيىنكى ئادەمنىڭ قارىسىغا كېتىپ قالىدۇ. بۇنداق بولسا ئەسلىدىكى ئادەم بىلەن كېيىنكى ئادەمنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسى ھەقىقىي بولماي قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى دەل ئىناۋەت ئۇچۇرىنىڭ سۇبيېكتىنىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىدا. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاسرىشى، كىمنىڭ ھەرىكىتى

بولسا شۇنىڭ نامىغا خاتىرىلىنىشى، باشقىلارغا ئىناۋەت بايلىقى توپلاپ بەرمەسلىكى ھەم باشقىلارنىڭ ئورنىدا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماسلىقى كېرەك. مانا بۇ، شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنى قوغداشنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر.

## 135. شەخسنىڭ سالاھىيىتى باشقىلار تەرىپىدىن قارىسىغا ئىشلىتىلسە، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولامدۇ؟

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كىملىك قانۇنى»نىڭ 36-ماددىسىدىكى «ئۆزىنىڭ ئاھالىلەر كىملىكىنى ئىجارىگە بېرىش، ئارىيەتكە بېرىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش قانۇنسىز ھەرىكەت بولۇپ، ج خ تارماقلىرى ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەم 200 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ. قانۇنسىز تاپاۋىتى بولسا، تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىسى بويىچە، ئەگەر سالاھىيەت باشقىلار تەرىپىدىن قارىسىغا ئىشلىتىلىپ ئۈچىنچى تەرەپكە زىيان پەيدا قىلسا، سالاھىيەتنىڭ ئەسلىي ئىگىسى ياكى سالاھىيەتنى قارىسىغا ئىشلەتكۈچى مۇناسىپ قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر سالاھىيەتنىڭ ئەسلىي ئىگىسى كىملىكىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قارىسىغا ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى بىلىدىغان بولسا، سالاھىيەتنىڭ ئەسلىي ئىگىسى مۇناسىپ قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سالاھىيىتى باشقىلار تەرىپىدىن قارىسىغا ئىشلىتىلىپ، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا سەلبىي خاتىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، سالاھىيەتنىڭ ئەسلىي ئىگىسى مۇناسىۋەتلىك ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ. سەلبىي خاتىرىنىڭ ئۆزىگە زىيان كەلتۈرۈشىنى ئازايتىپ، ئىناۋەت ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سالاھىيەتنىڭ ئەسلىي ئىگىسى سالاھىيىتىنى قارىسىغا ئىشلەتكەن ئادەم بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ تېزدىن قەرز قايتۇرۇشىغا نازارەت قىلىشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۆزىگە نامەلۇم بولغان ئەھۋالدا كىملىكىنى باشقىلار ئوغرىلىقچە ئىشلەتسە، تېزدىن جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ، قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك.

## 136. شەخسىي سالاھىيىتىنىڭ ئوغرىلىنىپ ئىشلىتىلىشىدىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ؟

(1) كۈچكە ئىگە تۈرلۈك سالاھىيەت ئىسپاتلىرى (كىملىك، ئوفىتسېرلىق كىنىشكىسى، نوپۇس دەپتىرى، ساقچىلىق كىنىشكىسى، مەمۇرىي ئەمەلدارلىق كىنىشكىسى، ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى، پاسپورت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ۋە ئۇنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى ياخشى ساقلاپ، بۇ گۇۋاھنامىلەرنى باشقا ئادەمگە خالىغانچە ئارىيەتكە بەرمەڭ.

(2) باشقىلارغا كىملىكنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى بەرگەندە، ئەڭ ياخشىسى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنىڭ يېزىق بار يېرىگە ئىشلىتىلىش ئورنىنى يېزىپ قويۇڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە «كۆپەيتىلگىنى ئىناۋەتسىز» دەپ قوشۇپ قويۇڭ.

(3) شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى قەرەللىك سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىگە دىققەت قىلىڭ.

(4) ئۆز سالاھىيىتىڭىزنىڭ ئوغرىلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلگەن ھامان، دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىڭ.

## 137. نېمە ئۈچۈن «قەرز پۇل ئالمىسا، كارتا ئىشلەتمىسە، ئىناۋەتنىڭ ياخشى بولۇشى ناتايىن» دەيمىز؟

ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى باھالىغان ۋاقىتتا، ھەمىشە شۇ ئادەمنىڭ ئىلگىرىكى ئىناۋەت خاتىرىسى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى شەخسنىڭ ئىلگىرىكى قەرز قايتۇرۇش، ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلىتىش قاتارلىق كىرېدىت مۇئامىلە خاتىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىر ئادەم قەرز پۇل ئالمىغان، ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلەتمىگەن بولسا، نەتىجىدە بۇ ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى باھالاشنىڭ ئاساسى بولمىغانلىقتىن، بۇ ئادەمنىڭ ئىناۋىتىگە ياخشى ياكى يامان دەپ باھا بەرگىلى بولمايدۇ.

## 138. قەرز پۇلنى ئالدىن قايتۇرۇپ كارتا ئوقۇتمىسا، ئىناۋەتنى ئۆستۈرگىلى بولامدۇ؟

قەرزنى ئالدىن قايتۇرۇشنىڭ شەخسىي ئىناۋەتنى ئۆستۈرۈشكە قارىتا ئۇنچە بەك پايدىسى بولمايدۇ. بۇ، سىزنىڭ كرېدىت ئەھۋالىڭىزغا ھۆكۈم قىلغاندا ئاساسلىقى سىزنىڭ ئىلگىرىكى كرېدىت پائالىيەتلىرىڭىزنىڭ خاتىرىسىنى تەكشۈرىدىغانلىقىدىن بولىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىزنىڭ ئىلگىرىكى قەرزنى قايتۇرغان ياكى ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلەتكەن خاتىرىڭىزنى تەكشۈرىدىغانلىقىدىن بولىدۇ. ئادەتتە سىزنىڭ كرېدىت تارىخىڭىز قانچە ئۇزاق بولسا، ئىلگىرىكى كرېدىت پائالىيەتلىرىڭىزنىڭ خاتىرىسى شۇنچە مول بولىدۇ، سىزنىڭ ئىلگىرىكى كرېدىت ئەھۋالىڭىزنىمۇ شۇنچە ئېنىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. قەرزنى نورمال قايتۇرغاندىكى كرېدىت خاتىرىسى قەرزنى ئالدىن قايتۇرغاندىكى كرېدىت خاتىرىسىدىن كۆپ مول بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ (پۇل قەرز ئالغۇچى) نىڭ كرېدىت ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. بۇ قائىدە ئىنتايىن ئاددىي، چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالغان قەرز پۇلنى بىر-ئىككى قېتىم قايتۇرۇش نىسبەتەن ئاسان ئىش بولسىمۇ، بىراق ئۇزاق مۇددەت ئۆز ۋاقتىدا قەرز قايتۇرۇش بىرقەدەر تەس بولىدۇ. ئەكسىچە، كېيىنكىسى سىزنىڭ توختامغا رىئايە قىلىپ ۋە ۋەدىڭىزنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان كرېدىت ئىقتىدارىڭىزنى تېخىمۇ توغرا ئىنكاس قىلىدۇ.

«كارتىنى ئوقۇتماسلىق» ئىناۋەت كارتىسىنى ئىشلەتمەسلىك بولىدۇ، بۇ ئالاقىدار كرېدىت سودا پائالىيىتىنىڭ يوقلۇقىدىن بېشارەت بېرىدۇ، يەنى ئۆزىڭىزنىڭ كرېدىت بايلىقىنى توپلىيالمايسىز، شۇنىڭ بىلەن كرېدىت بايلىقى توپلاش پۇرسىتىنى يوقاتقان بولىسىز.

## 139. كۆپ پۇل قەرز ئالسا، كارتىنى كۆپ ئوقۇتسا، ئىناۋەت تېخىمۇ ياخشى بولامدۇ؟

ئېنىقنى ئېيتقاندا، بانكا بىلەن بولغان كرېدىت ئالاقىسى قانچە

كۆپ بولسا، قەرزلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بىراق، ئەتراپلىق بولغان قەرز قايتۇرۇش لايىھەسى تۈزۈپ، قەرز قايتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى تاللىسا ھەمدە ئۈنۈملۈك ئەسلەتىش تەدبىرلىرىنى قوللانسا، ھەر قېتىملىق قەرزنى تولۇق، ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ھەر قېتىملىق قەرزنى ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرغانلىقىڭىز سىزنىڭ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش قارىشىڭىزنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سودا بانكىسى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئىناۋىتىڭىزنىڭ ياخشىلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەكسىچە، كۆپ قېتىم قەرز ئالسىڭىز، كارتىنى كۆپ قېتىم ئوقۇتسىڭىز، ئەمما قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسىڭىز، شەكىللەنگەن سەلبىي خاتىرىمۇ كۆپ بولىدۇ، بۇ سىزنىڭ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش ئېڭىڭىزنىڭ ناچارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سودا بانكىسى ئىناۋەت ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلغاندىمۇ، سىزنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىڭىزغا ناچار دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** سىز قەرز ئېلىش تاكى ئىناۋەت كارتىسى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، چوقۇم ھالىڭىزغا بېقىپ ئىش قىلىپ، قالايمىقان بېجىرىپ، كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش ئارقىلىق، سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىڭىزگە تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىڭ.

## 140. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى قايسى ئەھۋالدا سەلبىي خاتىرە ئاسان پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ؟

(1) ئىناۋەت كارتىسىدا كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغان پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرماسلىقتىن پەيدا بولغان قەرزلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش خاتىرىسى؛ (2) رەنە ماللىق قەرزنى قەرزلى بويىچە قايتۇرماستىن پەيدا بولغان سەلبىي خاتىرە؛ (3) رەنە ماللىق قەرز، ئىستېماللىق قەرز قاتارلىقلارنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئايدا يەنىلا ئەسلىدىكى سومما بويىچە قايتۇرۇشتىن پەيدا بولغان ئۆسۈمگە قەرز بولۇپ قەرزلىنى ئۆتكۈ-

زۆۋېتىش؛ (4) ئۈچىنچى تەرەپكە كېپىل بولغاندا، ئۈچىنچى تەرەپنىڭ
قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرماسلىقىدىن پەيدا بولغان قەرەلنى ئۆتكۈزۈۋېتىش
خاتىرىسى؛ (5) يانفوننى ئىشلىتىشنى توختاتقاندىن كېيىن، مۇناسىۋەت-
لىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرمەي ئايلىق ئىجارە ھەققىگە قەرز بولۇپ قې-
لىش پەيدا قىلغان قەرەلنى ئۆتكۈزۈۋېتىش. كۈندىلىك تۇرمۇشتا
شەخسلەر كىرېدىت سودىسى قىلغاندىن كېيىن، قەرز قايتۇرىدىغان
ۋاقىتقا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىكى كىرېدىت
خادىمى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملار بىلەن بولغان ئالاقى-
نى كۈچەيتىپ، ئالغان قەرز پۇلنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمنى ياكى ئىناۋەت
كارتىسىدا كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشى
كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىناۋەت كارتىسى، يانفون قاتارلىقلارنى
ئىشلىتىشتىن توختاتقاندىن كېيىن، دەرھال مۇناسىۋەتلىك تارماققا بې-
رىپ ئىشلىتىشنى توختاتقانلىق ياكى ھېساباتتىن چىقىرىۋېتىش رەسمىيى-
تىنى بېجىرىشى كېرەك.

### 141. ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىشى، ئايدا قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي خاتىرىدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟

بۇنىڭدا سودا بانكىسى بىلەن ئىمزالىغان قەرز ئېلىش توختامىدىكى
ئۆسۈم نىسبىتى تارمىقىغا دىققەت قىلىڭ. ئەگەر قوللىنىدىغىنى تۇراق-
سىز ئۆسۈم نىسبىتى بولسا، سىز قايتۇرىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم
نىسبىتى ئۆلچەملىك ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگى-
رىدۇ. بۇ ۋاقىتتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ
ئۆزگىرىشى ئايدا قايتۇرىدىغان قەرز پۇل سوممىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كې-
تىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر توختام ئىمزالىغاندىن كېيىن،
ئىككىنچى يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى قەرز پۇلنىڭ
ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۆستۈرگەن بولسا، سودا بانكىسىمۇ شۇ يىلى 1-ئاي-
نىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ قەرز پۇلنىڭ ئەڭ يېڭى ئۆسۈم نىسبىتى بو-
يىچە ئۆسۈم ھېسابلاپ ئالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىز قەرز قايتۇرىدىغان پۇلنى

كۆپرەك تاپشۇرۇپ، قەرزنى تولۇق قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز بولىدۇ.

## 142. كاماندىروپكىغا چىقىپ سىرتتا تۇرغان مەزگىلدە قەرز قايتۇرۇش ۋاقتى كېلىپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

توختامدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇش قەرز ئالغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ھەر قانداق سەۋەب بىلەن قەرزنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ ھەممىسى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش ھەرىكىتى بولىدۇ. قەرز بولغۇچى ئىمكانقەدەر بۇنداق ئەھۋالنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئەگەر كاماندىروپكىغا چىققان مەزگىللەردە قەرز قايتۇرۇش قەرەلىگە توغرا كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا، كاماندىروپكىغا چىقىشتىن بۇرۇن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، بۇنىڭدا ئالدىن قايتۇرسىمۇ بولىدۇ، باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ قايتۇرۇۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر كاماندىروپكىغا چىققان مەزگىلدە يادىغا يەتكەن بولسا، تور ئارقىلىق ياكى يانفون ئارقىلىق بانكىغا قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنى بانكىنىڭ قەرز قايتۇرۇش ھېساب نومۇرىغا ئاجراتسا بولىدۇ، ياكى ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوستلىرىغا قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنى ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ.

**ئەسكەرتمىش:** سىز قەرز ئالغان بانكا ياكى ئىناۋەت كارتىسى تارقىتىش نۇقتىسىدا مۇناسىۋەتلىك دېبىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا بېجىرەلەيسىز، ئالغان قەرز ياكى ئىناۋەت كارتىسى بىلەن دېبىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىنى باغلاش كەسپىنى بېجىرىپ، بانكىنىڭ قالغان قەرزنى قايتۇرۇشتا ئۆزلۈكىدىن پۇل ئاجرىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇڭ. بۇنداق بولغاندا، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دېبىت خاتىرىلىنىدىغان كارتىدا بەلگىلىك سوممىدىكى پۇلنى ساقلاشقا دىققەت قىلىسىڭىزلا بولىدۇ.

## 143. نېمە ئۈچۈن ئۈچىنچى تەرەپكە قەرزنى ۋاكالىتەن قايتۇرۇش تەكلىپى بېرىلمەيدۇ؟

ھازىر نۇرغۇن ئاپتوموبىل سېتىش سودىگىرى، ئۆي- زېمىن تەرەققىيات سودىگىرى، ئىناۋەت كېپىللىكى شىركىتى قاتارلىق ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتى بانكىدا ۋاكالىتەن شەخسلەر ئىستېمال كرېدىت كەسپىنى بېجىرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېلىشىم بويىچە شەخسكە ۋاكالىتەن قەرزنى قايتۇرۇۋاتىدۇ، يەنى قەرز ئالغۇچى ئاۋۋال قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنى ئۈچىنچى تەرەپ ۋاكالەت ئاپپاراتىغا تاپشۇرىدۇ، ئاندىن ئۇلار بانكىغا ۋاكالىتەن قايتۇرىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، كرېدىت كەسپىنى ئۈچىنچى تەرەپ ئارقىلىق بېجىرگەن تەقدىردىمۇ، قەرز قايتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئاخىرىدا يەنىلا قەرز ئالغان ئادەم ئادا قىلىدۇ، يەنى قەرز ئالغۇچى ھەرقايسى قەرەلدىكى قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسنى ئۆي- زېمىن تەرەققىيات سودا كارخانىسى، ئاپتوموبىل سېتىش كارخانىسى، كېپىل بولغۇچى ئاپپارات قاتارلىق ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولسىمۇ، ئەگەر بۇ ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى بانكىغا قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا، بانكا قەرزنىڭ قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى يەنىلا شەخسنىڭ نامىغا خاتىرىلەيدۇ، بۇ شەخسنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىدە سەلبىي خاتىرە پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى شەخسلەر بىۋاستە ئۆزى بانكىدىن مۇناسىۋەتلىك كرېدىت كەسپىنى بېجىرىشى كېرەك، ئەگەر ئۈچىنچى تەرەپ ۋاكالەتچىلىكىدىن پايدىلانسا، ۋاكالەت توختامىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ناۋادا ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتىنىڭ بانكىغا ۋاقتىدا قەرزنى قايتۇرمىغانلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈپ قالسا، دەرھال ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتى بىلەن ئالاقىلىشىشى كېرەك، زۆرۈر تېپىلغاندا ئەدلىيە ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىسىمۇ بولىدۇ.

### 144. سەلبىي خاتىرە بولسىلا ئىناۋەتنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا سەلبىي خاتىرە پەيدا بولسا، شەخستە توختام كېلىشىمى بويىچە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىغان پاكىتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىناۋەتنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىنى، سودا بانكىسىنىڭ خادىملىرى قەرز ئالغۇچىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى ئاساس قىلىپ ھەمدە قەرز ئالغۇچىنىڭ باشقا جەھەتتىكى ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال ئايرىيدۇ. سەلبىي خاتىرە بىلەن ئىناۋەتنىڭ ياخشى بولماسلىقىنى تەڭ دەرىجىدە قىلىپ ئايرىشقا بولمايدۇ.

### 145. سەلبىي خاتىرە پەيدا بولغاندىن كېيىن، شەخسلەر قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟

شەخسلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ياخشى ئاڭ ۋە ئادەت يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، سەلبىي خاتىرە پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن ئۆزىگە پايدىسىز تەسىر پەيدا بولۇشنىڭ تۈپتىن ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئالدى بىلەن ياخشى ئىستېمال ئادىتى ۋە قەرز قايتۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، كۈندىلىك ئىستېمال، قەرز ۋە تۆلەيدىغان تۈرلۈك ھەقلەرگە نىسبەتەن قەرز قايتۇرۇش قەرەلىگە دىققەت قىلىپ، قەرەلى ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدا سەممىي بولۇپ، ۋەدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ياخشى كرېدىت ئىمىجىنى تىكلىشى لازىم. ئاندىن قالسا، مۇناسىۋەتلىك كرېدىت پائالىيەتلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. قەرز قايتۇرۇشقا قارىتا مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تاللاپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر قېتىم ئالغان قەرز ۋە ئىناۋەت كارتىسىدىكى كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغان پۇلنىڭ ۋاقتىدا قايتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئەگەر نۆۋەتتە ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىدا سەلبىي خاتىرە ساقلانغان بولسا، ئالدى بىلەن سەلبىي خاتىرىنىڭ يەنە پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش، ئاندىن قالسا شەخسنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش خاتىرىسىنى تېزلىكتە قايتىدىن تۇرغۇزۇپ چىقىش كېرەك. سودا بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى باھالىغاندا، بۇ ئادەمنىڭ يېقىنقى كىرىدىت سودا پائالىيىتىنى ئاساسلىق تەكشۈرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە تاسادىپىي ھالدا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن قەرزنى ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرسا، بۇ ئۇنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنىڭ ياخشى يۆزىلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 146. قەرزنى قايتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىكى قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن خاتىرە ئىناۋەت دوكلاتىدا ساقلىنىدۇ؟

شەخسنىڭ ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ، ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى شەخسنىڭ كىرىدىت سودىسىدىكى ھازىرقى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كىرىدىت سودىسىدىكى تارىخىي ئەھۋالىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، قەرزنى قايتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكى قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن خاتىرىسى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا ساقلىنىدۇ، بۇنىڭ مۇددىتى ئادەتتە ئىككى يىل بولىدۇ.

## 147. سەلبىي خاتىرىنى ساقلاش مۇددىتى قاچاندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، سەلبىي خاتىرە قانچىلىك ۋاقىت ساقلىنىدۇ؟

سەلبىي خاتىرىنى ساقلاش مۇددىتى ئالغان قەرزنى قايتۇرۇپ تۈ-

گەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىپ، بەلگىلىك مۇددەت ساقلىنىدۇ.
ئامېرىكىدا ئادەتتىكى سەلبىي ئۇچۇر يەتتە يىل ساقلىنىدۇ، ۋەيران بول-
غان ياكى ئىنتايىن ئېغىر ۋە روشەن يامان غەرەزدە بولغان سەلبىي ئۇ-
چۇر ئون يىل ساقلىنىدۇ. ساقلاش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتسە، سەلبىي
ئۇچۇر شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. دۆلىتىمىزمۇ
سەلبىي خاتىرىنى ساقلاش مۇددىتىگە قارىتا تېزدىن بەلگىلىمە چىقار-
ماقچى.

## يەتتىنچى قىسىم

# ئىناۋەت خاتىرىلەشكە دائىر پۇل مۇئامىلە ساۋاتلىرى

بۇ قىسىمدا سودا بانكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش بىللە بىللە، ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى قوغدىشىڭىزغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، سىزگە ئىناۋەت كارتىسى، قەرز ئېلىش قاتارلىق كىرېدىت تۈرلىرىنى ئىلتىماس قىلىش، ئىشلىتىشتىن تارتىپ تاكى قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغىچە بولغان ئىناۋەت خاتىرىلەشكە مۇناسىۋەتلىك پۇل مۇئامىلە بىلىملىرى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ۋە بەزى ماھارەتلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**148. قەرز پۇل ئېلىش ياكى ئالالماسلىقتا كىمنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ، سودا بانكىسىنىڭ دېگىنى ھېسابمۇ ياكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىنىڭ دېگىنى ھېسابمۇ؟**

سودا بانكىسىنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزى پەقەت سودا بانكىسى قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسىڭىزنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا پايدىلىنىدىغان شەخسى ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاخىردا قەرز پۇل ئېلىش ياكى ئالالماسلىقىڭىز سودا بانكىسىنىڭ قەرز ئېلىش ئىلتىماسىڭىزنى

تەكشۈرۈپ تەستىقلاش نەتىجىسىگە باغلىق بولىدۇ.

### 149. مەلۇم بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن بىر بانكىدىن قەرز ئالالمىغان بىلەن، يەنە بىر بانكىدىن قەرز ئالالايدۇ؟

بەزى دوستلار بىر بانكىدىن قەرز بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا تەستىقلانماسلىق، بىراق يەنە بىر بانكىدا تەستىقلىنىشتەك ئەھۋالغا يولۇققان بولۇشى مۇمكىن، ئوخشاشمىغان بانكا ئوخشاش بىر ئادەمگە قەرز پۇل بېرىشتە تامامەن قارىمۇقارشى قارار چىقىرىشى مۇمكىن. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟

ئالدى بىلەن ئوخشاشمىغان بانكىنىڭ مۇئامىلىدارلارنىڭ خەۋپ-خەتىرىنى باھالاش ئۇسۇلى ۋە بۇنى باھالاشتا پايدىلىنىدىغان سانلىق ئاساسلىرى ئوخشاشمايدۇ، خەۋپ-خەتەرنى باھالىشى ۋە مۆلچەرلىشىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى بانكىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى باھالاش نەتىجىسىمۇ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئۇندىن قالسا، ئوخشاشمىغان سودا بانكىلىرىنىڭ قەرز بېرىش سىياسىتى، خەۋپ-خەتەرگە بولغان مايىللىقىمۇ ئوخشاشمايدۇ. خەۋپ-خەتەرنى كونترول قىلىش ۋاسىتىسى، تىجارىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بەلگىلىك پەرق مەۋجۇت. گەرچە بىر ئادەمنىڭ ئىناۋىتىگە بېرىلگەن باھا ئوخشاش بولسىمۇ، قەرز بەرمىگەن بانكا شۇ ئادەمنىڭ خەۋپ- خەتىرى بەك چوڭ دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭ قەرز ئېلىش ئىلتىماسىنى رەت قىلغان، لېكىن يەنە بانكا شۇ ئادەمنىڭ خەۋپ-خەتىرىنى يەنىلا تىزگىنلىگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن قەرز بەرگەن.

**بىلىۋېلىڭ:** خەۋپ-خەتەر دېگىنىمىز بىر خىل ئېنىقسىزلىق بولۇپ، خەۋپ-خەتەرگە بولغان مايىللىق دېگىنىمىز بۇنداق ئېنىقسىزلىققا بولغان پوزىتسىيەنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئېنىقسىزلىق پۇرسەت يارىتىدۇ، دەپ قارالسا، ئۇنداقتا بۇنداق خەۋپ-خەتەر مايىللاشقان خەۋپ-خەتەر تىپىغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئېنىقسىزلىق ئەنسىزلىك ياكى ئاپەت پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارالسا، ئۇنداقتا بۇنداق خەۋپ-خەتەر چەكلەيدىغان خەۋپ-خەتەر تىپىغا تەۋە بولىدۇ. شۇڭا، خەۋپ-خەتەرگە بولغان مايىللىق مەبلەغ سالغۇچىنىڭ خەۋپ-خەتەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى مايىللاشقان خەۋپ-خەتەر تىپلىق ياكى چەكلەيدىغان خەۋپ-خەتەر تىپلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سودا بانكىسىنىڭ «خەۋپ-خەتەر جەھەتتىكى مايىللىقى» بولسا، سودا بانكىسىنىڭ ئېرىشكەن تاپاۋىتى ئۈچۈن ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغان خەۋپ-خەتەر ۋە ئەڭ يۇقىرى زىياندۇر، ئوخشاشمىغان بانكىلارنىڭ خەۋپ-خەتەر جەھەتتىكى يولىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

«سودا بانكىسىنىڭ قەرز سىياسىتى» بولسا، سودا بانكىسىنىڭ قەرز بېرىش كەسپىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش، خەۋپ-خەتەرنى باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىشتىكى تۈرلۈك فاڭجېن، تەدبىر ۋە تەرتىپىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدۇر. سودا بانكىسىنىڭ قەرز بېرىش سىياسىتى ئۇنىڭ تىجارەت تۈرى، ئۇسۇلى، كۆلىمى، شۇ جايدىكى بازار مۇھىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولسا كىرېدىت كەسپى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى، كىرېدىت خىزمەت قائىدىسى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنىڭ بۆلۈنۈشى، كىرېدىتنىڭ كۆلىمى ۋە نىسبەت قىممىتىنىڭ تىزگىنلىنىشى، كىرېدىتنىڭ ئومۇمىي تىپى ۋە رايونلىرى، كىرېدىت كېپىللىكى، كىرېدىت باھاسى، كىرېدىتنىڭ كۈنلۈك باشقۇرۇلۇشى ۋە قايتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش تۈزۈمى، ناچار قەرزنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 150. نېمە ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن قەرز بېرىش ئۆلچىمى بېكىتىلمەيدۇ؟

بەزىلەر جۇڭگو خەلق بانكىسى نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ئادەملەرگە قەرز بەرمەيدۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قەرز بېرىشتە بىرلىككە كەلگەن قەرز

ئۆلچىمى بېكىتىپ بېرىلمەيدۇ؟ دەپ سورايدۇ. بىرىنچىدىن، مەلۇم شەخسكە قەرز پۇل بېرىش ياكى بەرمەسلىكنى پەقەت سودا بانكىسىلا بېكىتىدۇ. ئەگەر بېرىلگەن قەرز يىغىۋېلىنمىسا، قەرز بەرگەن بانكا زىيان ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت باراۋەر بولۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كىم مەسئۇل بولسا شۇ قارار قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەر قايسى سودا بانكىسىنىڭ قەرز ئالغۇچىنىڭ خەۋپ-خەتىرىگە قارىتا چىقارغان ھۆكمى ۋە خەۋپ-خەتەرگە بولغان مايىللىقى ئوخشاشمايدۇ. بۇ شۇنداقلا پۇل مۇئامىلە تەرەققىياتىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر. ھۆكۈمەت تارماقلىرى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرىدىغان قاتتىق بەلگىلىمە تۈزسە بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو خەلق بانكىسى دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي بانكىسى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان مەمۇرىي ئورگىنىغا تەۋە، شۇڭا ماكرولۇق سىياسەت تۈزىدۇ، بىراق شەخسكە قەرز تارقاتمايدۇ.

***بىلىۋېلىڭ:*** *جۇڭگو خەلق بانكىسى دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي بانكىسىدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي بانكىسى ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ كىرېدىت ئومۇمىي مىقدارى ۋە كىرېدىت كۆلىمىنى ماكرولۇق تەڭشەيدۇ ۋە تىزگىنلەيدۇ، مىكرو جەھەتتىكى كونكرېت قەرز بېرىش سىياسەتلىرىگە نىسبەتەن ئاز ئارىلىشىدۇ. قايسى ئادەملەرگە، قايسى كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىش، قايسى ئادەملەرگە، قايسى كارخانىلارغا قەرز پۇل بەرمەسلىكتە قەرز بېرىدىغان سودا بانكىسىنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسى پەقەت پۇل سىياسىتىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش، پۇل مۇئامىلىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆسۈم نىسبىتى، ئامانەت پۇل زاپاس فوندى، بازار مەشغۇلاتىنى ئاشكارىلاش ۋە «كۆزنەكتە يېتەكچىلىك قىلىش» قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، سودا بانكىسىنىڭ تىجارەت ئىستراتېگىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇ ئارقىلىق ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋە پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقىنى قوغداش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.*

### 151 . بانكا نېمىگە ئاساسەن سىزگە قەرز پۇل بېرىش ياكى بەرمەسلىكنى بەلگىلەيدۇ؟

بانكا سىزنىڭ قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسىڭىزنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ۋاقىتتا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئامىللارنى تەكشۈرىدۇ: بۇلار قەرز ئېلىش سۇبيېكتى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، قانۇنىي سالاھىيىتىڭىز ۋە پۈتۈنلەي ھەق-تەلەپ ئىقتىدارىڭىزنىڭ بار ياكى يوقلۇقى، سىزدە قانۇنلۇق، ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتلىرىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى، بۇ شەھەردە دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇسىڭىز ياكى ئۈنۈملۈك ئولتۇراقلىشىش سالاھىيىتىڭىز، شۇنداقلا مۇقىم تۇرالغۇڭىزنىڭ بار ياكى يوقلۇقى، سىزدە مۇقىم خىزمەت ۋە مۇقىم ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى، سىزنىڭ ئالغان قەرز پۇلنىڭ دەسمايە ۋە ئۆسۈمىنى قەرەلى بويىچە قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان ياكى ھازىرلىمىغانلىقىڭىز، سىزدە ياخشى شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 152. بانكا قەرز بەرگەندە نېمە ئۈچۈن شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنى تەكشۈرىدۇ؟

كەلگۈسىنى مۆلچەرلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىلگىرىكىنى ئەسلەش بولۇپ، ئىلگىرى يۈز بەرگىنى كەلگۈسىدىمۇ يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. سودا بانكىسى تىجارەت خەۋپ-خەتىرى بار ئاپپارات بولۇپ، شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قەرز ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، كەلگۈسىدە خەۋپ-خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرىدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىدىكى شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، سودا بانكىسى بىر تەرەپتىن ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىلگىرىكى

يۈز بەرگەن بانكىدىن قەرز ئېلىش ئەھۋالى، ھازىرقى قەرزدارلىق
ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، قەرز ئېلىشنى ئىلتىماس
قىلغۇچى تەمىنلىگەن كەسىپ، كىرىم، كېپىل بولىدىغان مال-مۈلۈك
قاتارلىق ئەھۋالغا ئاساسەن، قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدا-
رىغا ھۆكۈم قىلىپ، قەرز بېرىش ياكى بەرمەسلىك، بەرگەندىمۇ قانچى-
لىك قەرز بېرىشنى بەلگىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شەخسلەرنىڭ ئىنا-
ۋەت دوكلاتىدا تەمىنلەنگەن ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ تارىخىي ئىناۋەت
خاتىرىسى يەنە سودا بانكىسىنىڭ قەرز ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ قەرز
قايتۇرۇش ئېھتىمالىنى ئانالىز قىلىپ ئايرىشىغا، كىرېدىت خەۋپ-خەتىرىنىڭ
تېخىمۇ ياخشى ئالدىنى ئېلىشى ۋە تىزگىنلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## 153. شەخسنىڭ ئىناۋىتىنى تەكشۈرۈشتە، نېمە ئۈچۈن سودا بانكىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى يوق؟

سودا بانكىسىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىناۋىتىگە بەرگەن باھاسى ئا-
ساسلىقى شۇ بانكا ئىگىلىگەن ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار، ئانالىز قى-
لىش ئىقتىدارى ۋە خەۋپ-خەتەرنى باشقۇرۇش تەلىپىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرايدۇ، شۇڭا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەمنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ،
جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىي چىقارغان
شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا قارىتا، ئوخشاشمىغان ئىشلەتكۈچى
ئوخشاشمىغان مەقسەتتە ئىشلىتىدۇ، ئوخشاش بىر ئىناۋەت دوكلاتىغا
بولغان چۈشەنچىسىمۇ ئوخشاشماسلىقى مۇمكىن. ئاندىن قالسا، ھەر-
قانداق بىر شەخسنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر تارماقنىڭ ئىناۋەتكە بەرگەن باھاسى
كەلگۈسىدىكى ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرە-
شى ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنىڭدىن كېيىن سودا بانكىسىنىڭ كە-
سىپلىرىدە داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىلىشى، كىرېدىتنىڭ يېڭى تۈرلىرىنىڭ
داۋاملىق مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئوخشاشمىغان كىرېدىت تۈر-
نىڭ خەۋپ-خەتەر پايدىسى جەھەتتىكى تەلىپىمۇ ئوخشاش بولماسلىقى

مۇمكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى سودا بانكىسىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىناۋەتكە بەرگەن باھاسىنى قىسقا مۇددەتلىك قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، سودا بانكىسى شەخسلەرنىڭ ئىناۋىتىنى تەكشۈرگەندە، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەمنى بېكىتكىلى بولمايدۇ.

## 154. ئىناۋەت ياخشى بولسا قانداق ئېتىبارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

ئەگەر شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالى ياخشى بولسا، سودا بانكىسىدىن قەرز ئېلىشنى بېجىرگەن ۋاقىتتا تېخىمۇ كۆپ ئېتىبارغا ئېرىشەلەيدۇ. ئالدى بىلەن سودا بانكىسىنىڭ قەرز بېرىشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋاقتى تېجىلىپ، شەخس قەرز پۇلغا تېزرەك ئېرىشەلەيدۇ. ئاندىن قالسا ئالغان قەرزنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، قەرەلى، سوممىسى قاتارلىق جەھەتتە ئېتىبارغا ئېرىشىشى مۇمكىن. مەسىلەن، سودا بانكىسىنىڭ ئېتىبار ئۆسۈم نىسبەتلىك قەرز پۇلدىن بەھرىمەن بولالىشى، قەرز مۇددىتى تېخىمۇ ئۇزۇنراق، ئالغان قەرز سوممىسى تېخىمۇ كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شەخسنىڭ ئىناۋىتى ياخشى بولسا ۋە باشقا شەرتلەر تەلەپكە ئۇيغۇن كەلسە، سودا بانكىسى ھەتتا شەخسكە رەنىسىز قەرز پۇل ياكى كېپىلسىز شەخسىي كرېدىت قەرز پۇل تارقىتىپ بېرىشى مۇمكىن.

## 155. قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش قېتىمى ۋە سوممىسى بەلگىلىك سانغا يەتسە بانكا قەرز پۇل بەرمەمدۇ؟

بەزىلەر: «بانكا قەرز پۇل بېرىشتىن ئاۋۋال تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىم سانى ۋە سوممىسىغا قارىتا بەلگىلىمە بارمۇ-يوق، قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش بەلگىلىك قېتىم ۋە سوممىدىن ئېشىپ كەتسە، بانكا قەرز بېرەمدۇ - يوق؟» دەپ سورايدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا، ئوخشاشمىغان بانكا ئوخشاشمىغان جاۋاب بېرىدۇ، شۇنداقلا ئوخشاش بىر بانكىغا نىسبەتەن

ئىپتىقاندا، قەرز پۇلنىڭ تۈرى ئوخشاشمىسا، بېرىدىغان جاۋابمۇ ئوخشاشمايدۇ. بىراق، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھازىر بانكىلار شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈشنى بانكىنىڭ قەرز پۇل بېرىشتىن ئاۋۋال تەكشۈرىدىغان مۇقىم تەرتىپى قىلدى، بىراق ھەر قايسى بانكىلارنىڭ قەرز پۇل بېرىش سىياستى ئوخشاشمىغانلىقتىن، ئىلتىماس قىلغۇچىنى تەكشۈرۈشتىمۇ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى يوق، شۇڭا ھەرقايسى بانكىلار قەرز پۇل بېرىشتىن ئاۋۋالقى تەكشۈرۈشتە، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېتىمى ۋە سوممىسىغا قارىتا بىرلىككە كەلگەن بەلگىلىمىسى يوق.

## 156. تېلېگراف ھەققىنى تاپشۇرۇش ياكى تاپشۇرماسلىق نېمە ئۈچۈن بانكىنىڭ سىزنى باھالىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

تېلېگراف قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلار ھەققىنى تاپشۇرۇش ياكى تاپشۇرماسلىق بولسا، بىر ئادەمنىڭ قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچتۇر. ئەگەر بىر ئادەم تېلېگراف قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلار ھەققىنى ئۇزاق ۋاقىت، نورمال تاپشۇرالىسا، بۇ شۇ ئادەمنىڭ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەگەر ئاممىۋى ئىشلار ھەققىنى ئۇزاق ۋاقىت تاپشۇرماي قەرز بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەمنىڭ ئالغان قەرزنى قايتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە قايتۇرۇش ئىقتىدارىدا مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئاممىۋى ئىشلار ھەققىنىڭ تاپشۇرۇلۇش ئەھۋالى بانكىنىڭ مەلۇم شەخسنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشىگە پايدىلىق.

## 157. شەخسنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىغا قاتنىشىش ئۈچۈرىنىڭ بانكىنىڭ شەخسىي كىرېدىت ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈشىدە قانداق پايدىسى بار؟

ئاساسلىقى بانكىنىڭ خىزمەت ئورنىڭىزنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بانكا شەخسنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە تۇرالغۇ جامائەت

جۇغلانمىسىغا قاتناشقانلىق ئۇچۇردىن شەخسنىڭ خىزمەت ئورنىنى
بىلىش ئارقىلىق، خىزمەت ۋە كىرىمىنىڭ تۇراقلىقلىق دەرىجىسىگە
ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇڭا، شەخسنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە تۇرالغۇ جا-
مائەت فوندىغا قاتناشقانلىق ئۇچۇرى بانكىنىڭ قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدا-
رىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## 158. سىياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇل تارقاتقاندا، نېمە ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى تەكشۈرىدۇ؟

تۇرالغۇ جامائەت فوندى قەرز پۇلى تارقىتىش، ئىش ئورنىدىن قال-
غانلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش قەرز پۇلى تارقىتىش قاتارلىقلار
گەرچە سىياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇل تارقىتىش بولسىمۇ، لېكىن
يەنىلا قەرز ئالغۇچىنىڭ كەلگۈسىدە قەرزنى قايتۇرۇشنى ئالدىنقى
شەرت قىلىدۇ، شۇڭا قەرز ئالغۇچىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسى يەنىلا سى-
ياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇل تارقىتىش ياكى تارقاتماسلىقنى بەلگى-
لەيدىغان مۇھىم ئامىل. سىياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇلنىڭ
خەۋپ-خەتىرىنى ئازايتىپ، سىياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇل كەسپى-
نىڭ سىجىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سىياسەت خاراكتېرلىك
قەرز پۇل تارقاتقۇچى ئاپپاراتلار قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسىنى تەك-
شۈرگەن ۋاقىتتا، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈش-
تۈرۈش ۋە ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئىن-
تايىن زۆرۈر بولغان ئالدىنقى شەرتتۇر.

## 159. خوجايىنىنىڭ ئىناۋىتى نېمە ئۈچۈن ئىگىلىكىدىكى كارخانىنىڭ قەرز پۇلغا ئېرىشىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار ئادەتتە چەكسىز مەسئۇلىيەت شىركى-
تى بولۇپ، يەككە سودا سانائەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا-
كىچىك كارخانا خوجايىنىنىڭ شەخسىي پائالىيەت ئادىتى ۋە ئىناۋەت

ئەھۋالى دائىم كارخانىنىڭ مالىيە ئۇسلۇبى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى بەلگىلەيدۇ، ئەمما مەشغۇلاتتا خوجايىنىنىڭ شەخسىي مال-مۈلكى ۋە كارخانىنىڭ مال-مۈلكىنى ئايرىش تەس، شۇڭا ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىنىڭ قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرىدىغان ۋاقىتتا، بانكا ئادەتتە خوجايىنىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ.

## 160. كارخانا بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلنى كېيىنگە سۈرسە، خوجايىنغا تەسىرى بولامدۇ؟

بەزىلەر: «مەن تۇرغان ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى راۋاج تاپالماي بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلنى كېيىنگە سۈرگەنلىكتىن، بانكا مېنىڭ قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسىمنى رەت قىلدى، كارخانا بولسا كارخانا، مەن بولسام مەن ئۆزۈم، نېمە ئۈچۈن كارخانا بانكىدىن ئالغان قەرزنى كېيىنگە سۈرسە ماڭا تەسىرى بولىدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلە ئالدىنقى مەسىلىگە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشايدۇ، مەسئۇلىيىتى چەكسىز بولغان ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىنىڭ خوجايىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مالىيە ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىدە خوجايىن ۋە كارخانا ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈن گەۋدە ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بانكىغا نىسبەتەن، كارخانىنىڭ قەرزنى كېيىنگە سۈرگەنلىكى خوجايىننىڭ قەرزنى كېيىنگە سۈرگەنلىكىگە باراۋەر بولۇپ، قايتۇرۇشنى كېيىنگە سۈرگەن قەرز پۇل بار ئەھۋالدا، يەنە قەرز ئالماقچى بولسا، بانكا ئەلۋەتتە تېخىمۇ بەكرەك ئېھتىيات قىلىدۇ.

## 161. شەخسىي قەرزنى مۇددەتكە بولۇپ قايتۇرغاندا، قانداق قىلغاندا ۋاقتىدا قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

ئالدى بىلەن ئالغان قەرز مۇۋاپىق بولۇشى، يەنى ئالغان قەرز پۇل سوممىسى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قايتۇرۇش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ھەر قېتىملىق قەرەلىدە قايتۇرىدىغان سومما يۇقىرى بولۇپ، بېسىم چوڭ بولۇپ كېتىش سەۋەبىدىن، نورمىلىق قايتۇ-

رۇشقا تەسىر يېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.
ئاندىن قالسا ئۆزىنىڭ راسچوت ئىسچوتىغا باغلاش ئۇسۇلىنى قولـلىنىش ئارقىلىق، بـانكىغـا قەرز پۇل قايـتۇرىدىغـان كونى ئاپـتوماتىـك هالدا راسچوت ئىسچـوتىڭىـزدىن قايتـۇرىدىغان قـەرزنى تۇتۇۋېـلىشنـى هاۋالە قىلىپ، ئىشلار ئالدىراش بولۇپ كېتىـش ياكى باشـقا سەۋەبلـەر تۈپەيلىدىن قەرزنى قايتۇرىدىغان ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىـش كېرەك. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ خىـل ئۇسۇلنـى قوللانغاندا، سىزنىڭ بانكىدىكى راسچوت ئىسچوتىڭىزدا قـەرزنى قايتـۇرۇشقا تولۇق يەتكۈدەك ئامانەت پۇلى بولۇشىغا هەر ۋاقىت دىققەت قىلىڭ.

## 162. ئـالغان قەرزنـى ۋاقتـىدا، تـولۇق قايتـۇرالمىغـان ۋاقىـتتا ئىـناۋەتكە بولغان تەسىرىنى قانداق قىلغاندا ئازايتـقىلى بولىدۇ؟

شەخسنىڭ ئىقتىسادىدا ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ياكى كىرىمى تۆۋەنـلەپ كېتىش كۆرۈلۈپ، ئالغان قەرزنـى ۋاقتىدا، تـولۇق قايتـۇرالمىغان ۋاقىتتا، شەخسي ئىناۋەتكە بولغان تەسىرىنى ئـازايتىش ئـۈچۈن بانكـا بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېلىشىپ، قەرز توختـامىنى تـەڭشىشـى كېرەك، بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلانسا بولىدۇ:
ئەگەر قەرز ئالغان دەسلەپكى مـەزگىلدە هـەر ئايدا قايـتۇرىدىغـان قەرز پۇلنىڭ سوممىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولسا، بانكا بىلەن كېڭىشىپ توختام ئامىللىرىنى تەڭشەپ، قەرز قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتسە بولىدۇ. مەسىلەن، تەڭ سومـمىلىـق دىرىنى قـايتۇرۇش ئۇسـۇلىنى تـەڭ سوممىلىق دىرى بىلەن ئۆسۈمنى قايتۇرۇش ئۇسۇلغا ئۆزگەرتسە بـولىدۇ.

قەرز قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق هەر قېتىم قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنى ئازايتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. مەسىلـەن، 10 يىل قەرەلىدىكى قـەرزنى 15 يىلـلىق قەرەلـگە ئۆزگەرتـسە بولـىدۇ. بىراق، دىـققەت قـىلىشقـا تېگـىشلىكـى شۇكى، ئەگـەر شەخس قەرزنـى

ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرالمسا، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسنىڭ قەرز قايتۇرۇش ئەھۋالىنى ئەينەن خاتىرىلەيدۇ. ئەگەر شەخس قەرزدىن قېچىپ قايتۇرمىسا، ئىناۋەت دوكلاتىدا مۇناسىپ سەلبىي خاتىرە كۆرۈلۈپ، شەخسنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە تەسىر قىلىدۇ.

*بىلىۋېلىڭ: شەخسلەر ئالغان قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار: بىرىنچىسى، ئالغان قەرز ۋە ئۆسۈمنى بىر قېتىمدىلا قايتۇرۇپ تۈگىتىش؛ ئىككىنچىسى، تەڭ سوممىلىق قەرز ۋە ئۆسۈمنى قايتۇرۇش بولۇپ، بۇ ھەر ئايدا ئوخشاش سوممىدىكى قەرز ۋە ئۆسۈمنى قايتۇرۇش دېگەنلىكتۇر، بۇنىڭدا ھەر قېتىملىق سومما ئېنىق بولۇپ، قەرزنى قايتۇرۇشتىكى بۇ ئۇسۇل كەلگۈسىدىكى كىرىمى مۇقىم بولغان قەرز ئالغۇچىغا باب كېلىدۇ. ئۈچىنچىسى، تەڭ سوممىلىق دىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى، يەنى ھەر ئايدا ئوخشاش سوممىدىكى دىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭ ئۆسۈمى ھەر ئايدا ئايرىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆسۈمنىڭ ئومۇمىي چىقىمى ئالدىنقى ئۇسۇلدىكىدىن ئاز بولىدۇ. بىراق، ئالدىنقى مەزگىلدە قەرز قايتۇرۇشنىڭ بېسىمى نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ.*

## 163. «كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى» دېگەن نېمە؟

«كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى» بولسا شەخسىي قەرز تارقىتىلغاندىن كېيىن، توختامدا بەلگىلەنگەن بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە قەرز ئالغۇچى ئاي بويىچە ئۆسۈمنىلا تۆلەيدىغان، ئالغان قەرزنىڭ دىرىنى ۋاقتىنچە قايتۇرمايدىغان، كېلىشىمنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن تارقىتىلغان قەرز سوممىسىنى توختامدا بەلگىلەنگەن تەڭ سوممىلىق دىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ياكى تەڭ سوممىلىق دىرى ۋە ئۆسۈمنى قايتۇ-

رۇش ئۇسۇلى بويىچە قايتۇرىدىغان ۋاقىت «كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى»دۇر.

مەسىلەن، بىر خېرىدارنى 800 مىڭ يۈەنگە تۇرالغۇ سېتىۋالدى، دەسلەپتە 300 مىڭ يۈەن تۆلىدى، 500 مىڭ يۈەن قەرز قالدى، بۇنىڭ قەرەلى 20 يىل، يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى 6.12% دەپ پەرەز قىلساق، ئەگەر خېرىدار قەرز ئالغان دەسلەپكى مەزگىلدە تەڭ سومملىق دىرى ۋە ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى تاللىسا، ئۇنداقتا خېرىدارنىڭ بىرىنچى ئايدىن باشلاپ قايتۇرىدىغان قەرزى 3616.86 يۈەن، بىرىنچى يىلى قايتۇرىدىغان قەرزىنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمى 43402.32 يۈەن بولىدۇ، ئەگەر خېرىدار قەرز ئالغان دەسلەپكى مەزگىلدە كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى بار بولغان قەرز قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى تاللىسا، كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى بىر يىل بولسا، كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن تەڭ سومملىق قەرز ۋە ئۆسۈمنى قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى تاللىسا، خېرىدار بىرىنچى يىلى پەقەت ئاي بويىچە ئۆسۈمنى قايتۇرىدۇ، ۋاقتىنچە قەرز پۇل دىرىنى قايتۇرمايدۇ. ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ ئاي بويىچە دىرى ۋە ئۆسۈمنى قايتۇرىدۇ، شۇڭا خېرىدار بىرىنچى يىلى ھەر ئايدا پەقەت قەرز ئۆسۈمى بولغان 2550 يۈەننىلا قايتۇرسا، بىرىنچى يىلى جەمئىي 306000 يۈەن قايتۇرىدۇ، ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ ھەر ئايدا قەرزىنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمى بولۇپ 3714.68 يۈەن قايتۇرىدۇ. ئىككىنى سېلىشتۇرغاندا، كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتىنى تاللىغان خېرىدار بىرىنچى يىلى 20821.23 يۈەن ئاز تۆلەيدۇ.

## 164. زادى قايسى كۈنى قەرز قايتۇرۇلىدۇ، «قەرز قايتۇرۇش كۈنى»دىن بۇرۇنمۇ ياكى «كەڭچىلىك قىلىش ۋاقتى»دىن كېيىنمۇ؟

بەزى دوستلار زادى قايسى كۈنى قەرز قايتۇرسا سەلبىي خاتىرە پەيدا بولمايدۇ، توختامدا بەلگىلەنگەن قەرز قايتۇرۇش كۈنىدە قايتۇرۇش كېرەكمۇ ياكى بانكا خىزمەتچىلىرى دېگەن «كەڭچىلىك قىلىش

ۋاقتى»دىن كېيىن قايتۇرۇش كېرەكمۇ؟ دەپ سورايدۇ. سودا بانكىسى-
نىڭ كەسپىي سىستېمىسى قەرز توختامىدا بەلگىلەنگەن «قەرز قايتۇ-
رۇش كۈنى» بويىچە قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرزنى قايتۇرغان ياكى قايتۇر-
مىغانلىقىنى ئاپتوماتىك بېكىتىدۇ. ئەگەر قەرز ئالغۇچى قەرز قايتۇرىدى-
غان كۈنى قەرز توختامى بويىچە قەرزنى تولۇق قايتۇرسا سەلبىي خاتى-
رە پەيدا بولمايدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە قەرزنى ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرمىسا،
سودا بانكىسىنىڭ كەسپ سىستېمىسى قەرەلنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خا-
تىرىلەيدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرنى شەخسىي ئىناۋەت سانلىق
مەلۇمات ئامبىرىغا يوللايدۇ. لېكىن، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بەزى سودا بان-
كىلىرى كەسپ سىستېمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك پىروگراممىلىرىنى ئىش-
لىگەندە، ئادەملىك نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ، سىستېمىنىڭ قەرز قاي-
تۇرۇش ئەھۋالىنى بېكىتىش ۋاقتىنى قەرز توختامىدا بېكىتىلگەن قايتۇ-
رۇش كۈنىدىن بىر- ئىككى كۈن كېيىن قىلىپ تەڭشەپ قويىدۇ.
قەرز پۇل ئالغۇچىنىڭ قەرز قايتۇرغان ئەمەلىي ۋاقتى بۇ قەرەلدىن كې-
چىكمىسە، سودا بانكىسىنىڭ كەسپ سىستېمىسى بۇنى نورمال قايتۇ-
رۇش دەپ قارايدۇ. مانا بۇ، بانكا خىزمەتچىلىرى دېگەن «كەڭچىلىك
قىلىش ۋاقتى»دۇر. بىراق، ئېھتىيات قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا،
قەرز قايتۇرىدىغان كۈنىدىن بۇرۇن قايتۇرسا ياخشى بولىدۇ، چۈنكى
توختامدا بەلگىلەنگەن قەرز قايتۇرۇش كۈنى قانۇنىي كۈچكە ئىگە قاي-
تۇرۇش كۈنى ھېسابلىنىدۇ.

## 165. قەرزنىڭ قەرەلى ئۇزارتىلغان مەزگىلدە قەرز ئال- غۇچىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىدە ئۆزگىرىش بولامدۇ؟

بولىدۇ. شەخسنىڭ قەرز قەرەلىنىڭ ئۇزارتىلىشى قەرز ئالغۇچىنىڭ
توختامدا بەلگىلەنگەن قەرەلدە قەرز پۇلنى قايتۇرالماسلىقىنى چۈشەندۈ-
رىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدىكى «ئالاھىدە سودا» تۈرىدە قەرەلى
ئۇزارتىلغان ئۇچۇر بولىدۇ. بىراق، بۇنداق ئۇچۇرنىڭ سەلبىي ئۇچۇر
بولۇشى ناتايىن.

## 166. ئالغان قەرز ئۆسۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى قانداق ئەھۋالدا شەخسنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى تەسىرگە ئۇچرىتىشى مۇمكىن؟

ئالغان قەرزنىڭ ئۆسۈمى ئۆرلىسە، قەرز ئالغۇچىنىڭ ھەر ئايدا قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بىراق، قەرز ئالغۇچى بىلەمسلىك سەۋەبىدىن ئايدا قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىسا، قەرز ئالغۇچىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىسىنى تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ، چۈنكى ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرمىغان ئۇچۇر شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** مەركىزىي بانكىنىڭ ئۆسۈم تەڭشەش خەۋىرىگە بەك دىققەت قىلىڭ، ئۆسۈم ئۆسكەندىن كېيىن، شەخسنىڭ تۇراقسىز ئۆسۈملۈك قەرزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەن ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ يېڭى ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە قەرز قايتۇرۇۋالىدۇ، سىزنىڭ ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش پۇل ئامانىتىڭىزدا كۆپرەك زاپاس پۇل قالدۇرۇپ، ئامانەت ئىسچوتىڭىزدىكى مەبلەغ يېتىشمەي، شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىڭىزگە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىڭ.

## 167. ئۆسۈمنى بىر نەچچە كۈن كېچىكىپ تاپشۇرسا، نېمە ئۈچۈن يەنە شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ؟

شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ خاتىرىسى، قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قەرز قايتۇرمىغانلىق بولسا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ئىش، شۇڭا خاتىرىلىنىدۇ. ئادەتتە شەخسنىڭ قايتۇرىدىغان قەرزنى قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ياكى ئۆتكۈزۈۋەتمىگەنلىكىنى ئايرىشنىڭ ئاچقۇچى قەرز توختامىدا بەلگىلەنگەن «قەرز قايتۇرىدىغان كۈن» بولۇپ، مەيلى ئۆسۈم ياكى دىرى بولسۇن، شۇ كۈندىن بۇرۇن توختامدا بەلگىلەنگەن سوممىنى تولۇق قايتۇرۇشى كېرەك، بولمىسا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىك دەپ قارىلىپ، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ.

## 168. باشقا جايدا قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋەتسە، ئۆز جايىدىكى قەرز ئېلىشقا تەسىر قىلامدۇ؟

بەزىلەر: مەن باشقا جايدىن قەرز ئالغانىدىم، قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ئۆز جايىمدا قەرز ئېلىشىمغا تەسىر يەتكۈزەمدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا «مۇقەررەر ھالدا تەسىر يەتكۈزىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مەملىكەت بويىچە مەركەزلىك بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، مەيلى سىز باشقا جايدا قەرز ئېلىڭ ياكى ئۆز جايىڭىزدا قەرز ئېلىڭ، قەرز پۇل ئېلىش ئۇچۇرى كېيىنكى ئايدا بانكىنىڭ كەسىپ سىستېمىسى ئارقىلىق شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا يوللىنىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەرقانداق بىر سودا بانكىسى پەقەت سىز ھوقۇق بەرسىڭىزلا، سىزنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق سىزنىڭ باشقا جايدىكى قەرز ئالغانلىق ئەھۋالىڭىزنى ئىگىلەيدۇ.

## 169. باشقىلارغا كېپىل بولغان ئۇچۇرمۇ نېمە ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ؟

باشقىلارنىڭ قەرز ئېلىشىغا كېپىل بولۇشىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئابرۇيىنى قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرز قايتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن بەرگەنلىكىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېپىللىك قانۇنى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، كېپىل بولغۇچى بۇ قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ چاتما جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. قەرز ئالغۇچى قەرزنى قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىسا، بانكا كېپىل بولغۇچىدىن كېپىللىك مەجبۇرىيىتىنى ئورۇنداپ قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرزىنى ۋاكالىتەن قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. شۇڭا سىزنىڭ باشقىلارغا كېپىل بولۇشىڭىز ئەمەلىيەتتە سىزنىڭمۇ قەرز بولۇشىڭىز بولۇپ، كەلگۈسىدىكى قايتۇرۇش ئىقتىدارىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ سىزنىڭ شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىڭىزگە خاتىرىلىنىدۇ.

## 170. دۆلەتنىڭ ئوقۇشقا بەرگەن ياردەم قەرزىنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا شەخسنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىرى بارمۇ؟

تەسىرى بار. دۆلەتنىڭ ئوقۇشقا بەرگەن ياردەم قەرزىنى سودا بانكىسى تارقىتىدۇ. تارقاتقان ۋاقىتتا سودا بانكىسى بۇ ئۇچۇرنى شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا يوللايدۇ، ئەگەر دۆلەتنىڭ ئوقۇشقا بەرگەن ياردەم قەرزىنى قايتۇرمىسا، قەرز ئالغاندا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بىلەن تۈزگەن قەرزنى ئۆسۈمى بىلەن ۋاقتىدا قايتۇرۇش كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغان بولۇپ، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا سەلبىي خاتىرە پەيدا قىلىدۇ. بۇ، شەخسنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرىگە تەسىر قىلىدۇ.

## 171. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنى قانداق تۈرگۈزىدۇ؟

بىرەيلەن: «مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، قەرز ئالمىدىم، ئايلىق ئىستېمال سوممام 1000 يۈەنگە يەتمەيدۇ. كۆپىنچە مەكتەپ ئىچىدە نەق پۇل ئىستېمالىنى قىلىمەن، قانداق قىلغاندا ئاندىن ئىناۋەت خاتىرىسى تۈرگۈزالايمەن» دەپ سورىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىسىنى تۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولسا بانكا بىلەن كرېدىت كەسپى مۇناسىۋىتى ئورنىتىش، مەسىلەن، بانكىدىن قەرز ئېلىش، قەرز ئېلىش رەسمىيىتى، كرېدىتتى خاتىرىلىنىدىغان ياكى غەيرىي كرېدىت خاتىرىلىنىدىغان كارتا بېجىرىش، باشقىلارنىڭ قەرز ئېلىشىغا كېپىل بولۇش قاتارلىقلار. هازىر نۇرغۇن بانكا ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كرېدىت كارتىسى مۇلازىمىتىنى بېجىرىۋاتىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كرېدىت كارتىسى بېجىرسە بولىدۇ، كارتا بېجىرگەندىن كېيىن توختام بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئالغان قەرزنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇپ، سەلبىي خاتىرە سادىر بولۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

ھازىر مەكتەپنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ھەممە ئىستېمالنى كارتا ئارقىلىق بېجىرىپ كېتەلمەيدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئىستېمال قىلىسا چوقۇم پۇل تۆلەيدۇ، ئەگەر شارائىت ھازىرلانسا ئىمكانقەدەر كرېدىت كارتىسى ئارقىلىق ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. بۇنداق قىلسا نۇرغۇن پۇلنى يېنىغا سېلىپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، بىخەتەر ھەم ئەپلىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھازىرقى ئىستېمال ئالا-ھىدىلىكى ۋە ئادىتىگە ئاساسەن، مەشغۇلات رەسمىيەتلىرىنى ئازايتىپ، قولايلىق بولۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغاندا، بانكىنىڭ پوكىيىدە كارتا بىلەن نوپۇسنى باغلاشقا مۇناسىۋەتلىك كەسىپ بېجىرىپ، ئۆيدىكى پۇل پېرېۋوت ئىسچوتى بىلەن كرېدىت كارتىسى ئىسچوتىنى ئۆزئارا باغلاپ، كرېدىت كارتىسىدا قەرز قايتۇرىدىغان كۈندە پۇل پېرېۋوت ئىسچوتىدىن پۇل تۇتۇپ قېلىنىپ، كرېدىت كارتىسىنىڭ كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغان پۇلنى تۇتۇۋالىدىغان قىلسا بولىدۇ.

172. نېمە ئۈچۈن كرېدىت كارتىسى ئىشلىتىشنىمۇ شەخسنىڭ ئىناۋەت پائالىيىتى دەيمىز؟

كرېدىت كارتىسىنىڭ تۆلەش ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتىن ئى-بارەت قوش مۇھىم ئىقتىدارى بار، ئاددىي، تېز بولغان راسچوت تۆلەش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كرېدىت كارتىسى دۆلىتى-مىزدە بارغانسېرى ئومۇملىشىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كرېدىت كارتىسى يەنە قولايلىق بىر قىسقا مۇددەتلىك مەبلەغ يۈرۈشلەشتۈ-رۈش قورالى بولۇپ، خېرىدارلار كرېدىت كارتىسى ئىلتىماس قىلغاندا، كارتا تارقىتىدىغان بانكا خېرىدارلارنىڭ ئىلتىماس قىلغان چاغدىكى ئىناۋەت ئەھۋالى ۋە قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئاسا-سەن، بەلگىلىك دەرىجىدىكى كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش نورمىسىنى خېرىدارلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىنلەيدۇ، بۇ نور-مىدا خېرىدارلار ئالدىن ئىستېمال قىلىپ ئاندىن ھەق تۆلەيدۇ، ئىس-تېمال قىلغان كۈندىن پۇل قايتۇرىدىغان كۈنگىچە بولغان مەز-

گىلدە كارتا ئىگىسى ھېچقانداق ئۆسۈم تۆلىمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بانكا كارتىسى بار ئادەمنى ئۆسۈمسىز قەرز بىلەن تەمىنلىگەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇئامىلىدارنىڭ كرېدىت كارتىسى كىرىمدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلغان پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرغان ياكى قايتۇرمىغانلىقى بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەت سەۋىيەسىنى ئىنكاس قىلىدۇ، شۇڭا كرېدىت كارتىسىنى ئىشلىتىپ پۇل تۆلەشمۇ شەخسنىڭ ئىناۋەت پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 173. كارتا ئوقۇتقاندا سەلبىي خاتىرە پەيدا بولۇشتىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟

كرېدىت كارتىسى سىزنىڭ ئەپلىك بولغان تۆلەش ۋە مەبلەغ يۈرۈشلەشتۈرۈش قورالىڭىز، بىراق تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىپ، سەلبىي خاتىرە پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك: قەرز قايتۇرىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈپ، قەرزنى ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇڭ. ئەگەر كرېدىت كارتىسىدىن نەق پۇل ئالسىڭىز، قايتۇرىدىغان ۋاقىتتا ئالغان كارتىڭىزدا پۇلىڭىزغا تەڭ سوممىدا نەق پۇل سالغاندىن سىرت، يەنە مۇناسىۋەتلىك ئۆسۈمنى كۆپرەك سېلىڭ، كرېدىت كارتىسىنىڭ ئۆسۈمنى كەچۈرۈم قىلىش قەرەلى، ئەڭ تۆۋەن نورمىسى قاتارلىق ئىشلارنى تولۇق چۈشىنىۋېلىڭ ھەمدە بانكا ھېسابات تالونىنى سېلىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىڭ، ھېچ بولمىغاندا قەرەلى بويىچە ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسىنى قايتۇرۇڭ، نەق پۇل ئالغان بولسىڭىز ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ ھەممىنى قايتۇرۇڭ، كرېدىت كارتىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنى پىششىق ئېسىڭىزدە ساقلاپ (كارتا تارقاتقان ھەر قايسى بانكىلارنىڭ قەرز قايتۇرۇلىدىغان كۈنى ئوخشىمايدۇ)، ئەڭ ئاخىرقى قەرز قايتۇرىدىغان كۈندىن ئىككى كۈنى بۇرۇن قەرزنى تولۇق قايتۇرۇڭ (دەم ئېلىش كۈنىدىن بۇرۇن قايتۇرۇلىدۇ).

ھازىر نۇرغۇن بانكا كرېدىت كارتىسىنىڭ تېلېفونلۇق مۇلازىمىتى

ياكى توردا سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. قەغەز يۈزىدىكى ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونىغا ۋاقتىدا ئېرىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن قەرز قايتۇرۇشنىڭ قەرەللىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىز ھەر ۋاقىت تەشەببۇسكار بولۇپ تېلېفون قىلىش ياكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تورغا چىقىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كىرېدىت كارتىسىنىڭ ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونىغا ئېرىشەلەيسىز، ئۆزىڭىزنىڭ شۇ مەزگىلدىكى قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسىنى سۈرۈشتۈرەلەيسىز.

**ماھارەت:** سىز كارتا تارقاتقان بانكىغا بېرىپ كىرېدىت كارتىسىنىڭ «كېلىشىلگەن ئىسچوتتىن قەرز قايتۇرۇش» ئىقتىدارىنى ئېچىپ قويۇڭ، پەقەت كارتا تارقاتقان بانكىنىڭ تىجارەت نۇقتىسىدىن بىر پۇل ئامانەت كارتىسى بېجىرىپ، بەلگىلىك پۇل ئامانەت قويۇپ، كىرېدىت كارتىسىنىڭ «كېلىشىلگەن ئىسچوتتىن قەرز قايتۇرۇش» ئىقتىدارىنى بېجىرسىڭىزلا، بانكا ئىناۋەت كارتىسىنىڭ قەرز قايتۇرىدىغان كۈنى ئاپتوماتىك ھالدا شەخسنىڭ راسچوت ئىسچوتىدىن كىرېدىت كارتىسىنىڭ قەرز پۇلىنى تۇتۇپ قالىدۇ، ئىسچوتنىڭ قالدۇق سوممىسى يېتەرلىك بولسا تولۇق تۇتۇپ قالىدۇ، ئەگەر پۇل يەتمىسە تولۇق تۇتالمايدۇ، بۇنىڭدا قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك تۇتۇپ قالىدۇ، بۇنداق قىلغاندا شەخسنىڭ قەرز قايتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قېلىش سەۋەبىدىن شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا سەلبىي خاتىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** كېلىشىلگەن ئىسچوت ئارقىلىق قەرز قايتۇرۇش ئادەتتە ئەڭ تۆۋەن قايتۇرىدىغان نورمىنى كېلىشىش ۋە قەرزنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇشقا كېلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ، ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇلىدىغان نورمىلىق قەرز قايتۇرۇش بولسا كارتا تارقاتقان بانكا قەرز قايتۇرىدىغان كۈنى سىز كۆرسەتكەن راسچوت ئىسچوتىدىن شۇ قەرەلدە قايتۇرۇلىدىغان قەرزنىڭ ئەڭ تۆۋەن نورمىسىنى تۇتۇپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ. قەرزنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇش بولسا كارتا تار-

قاتقان بانكا قەرز قايتۇرىدىغان كۈنى سىز كۆرسەتكەن راسچوت ئىسچوتىدىن شۇ قەرەلدە قايتۇرىدىغان بارلىق قەرزنى ئاپتوماتىك تۇتۇۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئەگەر كېلىشىم بويىچە ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسىنى قايتۇرسىڭىز، سىز بەلگىلىك ئۆسۈم تۆلەيسىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىزنىڭ كېلىشىلگەن ئىسچوتتىكى مەبلىغىڭىز يېتىشمىسە، بانكا قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك تۇتۇۋالىدۇ، ئەگەر بانكا تۇتۇۋالغان پۇل شۇ قەرەلدە قايتۇرىدىغان تۈرنىڭ ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسىغا يەتمىسە، سىزدىن يەنە بەلگىلىك جازا ئۆسۈمى ئالىدۇ.

## 174. كرېدىت كارتىسىنىڭ ئۆسۈم ھېسابلاشتىكى ئۆلچەم سانى، كۈن سانى ۋە ئۆسۈمى قانداق ھېسابلىنىدۇ؟

ئەگەر ئىناۋەت كارتىسىنىڭ ئىگىسى بولغان سىز قەرز قايتۇرۇش كۈنى كەلگەندە شۇ قەرەلدە قايتۇرىدىغان قەرزنىڭ ئۆسۈم سوممىسىنى قايتۇرمىسىڭىز، كارتا تارقاتقان بانكا بۇنىڭغا ئۆسۈم ئالىدۇ. ئەگەر قەرز قايتۇرىدىغان كۈندىن بۇرۇن (قايتۇرىدىغان كۈننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قايتۇرىدىغان بارلىق قەرزنى قايتۇرۇپ بولسىڭىز، ئىستېمال سودىسىدا ئۆسۈم كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، بىراق كرېدىت كارتىسىدىن نەق پۇل ئالسا، ئۆسۈمى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىدە بانكا ھېساب خاتىرىلىگەن كۈندىن باشلاپ كۈندىلىك ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئون مىڭدىن بەش نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ئالىدۇ ھەمدە ئاي بويىچە دومىلىما ئۆسۈم ئالىدۇ، كارتا بار ئادەم قەرز قايتۇرىدىغان كۈندىن بۇرۇن (قەرز قايتۇرىدىغان كۈننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قايتۇرغان قەرز قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق قەرزدىن ئاز بولسا، قەرز قايتۇرىدىغان كۈندىن ئىلگىرىكى ئۆسۈم قايتۇرىدىغان بارلىق قەرز سوممىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، قەرز قايتۇرىدىغان كۈندىن كېيىنكى ئۆسۈم قايتۇرمىغان سومما بويىچە ھېسابلىنىپ، كۈندىلىك ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئون مىڭدىن

بەش نىسبىتى بويىچە ئېلىنىدۇ ھەمدە ئاي بويىچە دومىلىما ئۆسۈم ئېلىنىدۇ. كارتا بار ئادەم قەرز قايتۇرىدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن (قايتۇرىدىغان كۈننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كارتا تارقاتقان بانكا تەلەپ قىلغان ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسىنى قايتۇرالمىسا، قەرزىنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلىگەندىن سىرت، يەنە ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش سوممىسىنىڭ قايتۇرۇلمىغان قىسمىنىڭ 5%ى بويىچە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى تۆلەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئۆسۈم ھېسابلايدىغان كۈن سانى بانكىنىڭ ھېساب خاتىرىلىگەن كۈنىدىن باشلاپ قەرز قايتۇرىدىغان كۈنىگىچە بولغان ئەمەلىي كۈن سانى بويىچە بولىدۇ.

مەسىلەن، ھېساب تالون كۈنى ھەر ئاينىڭ 7-كۈنى، قەرەللىك قەرز قايتۇرۇش كۈنى ھەر ئاينىڭ 27-كۈنى دەپ پەرەز قىلساق، 3-ئاينىڭ 20-كۈنى شەخس 10000 يۈەن ئىستېمال قىلغان، بۇ ئىستېمال سوممىسى 3-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىناۋەت كارتا ھېسابىغا خاتىرىلەنگەن (دەل بۇ كۈن ھېساب خاتىرىلەنگەن كۈن بولىدۇ) بولسا، 4-ئاينىڭ 7-كۈنى ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونىدا تۆۋەندىكىلەر بولىدۇ: بۇ قەرەلدە قايتۇرۇلىدىغان بارلىق سوممىا 10000 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسى 1000 يۈەن، 4-ئاينىڭ 8- كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە ھېسابقا كىرگۈزۈلگەن باشقا مۇئامىلە يوق. شەخس 4-ئاينىڭ 27-كۈنى قايتۇرىدىغان بارلىق سوممىا 10000 يۈەننى تولۇق قايتۇرسا بانكا ئۆسۈم ھېسابلىمايدۇ، ئەگەر شەخس 4-ئاينىڭ 27-كۈنى ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇش نورمىسى بولغان مىڭ يۈەننى قايتۇرسا، 5-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونىدا ئىستېمال قىلغان پۇلدىن قايتۇرمىغان 9000 يۈەننى كۆرسەتكەندىن سىرت، يەنە ئېلىنىدىغان 224.5 يۈەن ئۆسۈمنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر 4-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى قايتۇرغان سوممىسى 400 يۈەن بولسا، 5-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونىدا ئىستېمال پۇلدىن قايتۇرمىغان قىسمى ۋە ئۆسۈمى بولغاندىن سىرت، يەنە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلىمۇ چىقىرىلىدۇ.

**175. كرېدىت كارتىسى يىتىپ كەتكەن ياكى ئوغرىلانغاندىن كېيىن پەيدا بولغان خاتىرە كارتىنىڭ ئەسلىي ئىگىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنەمدۇ؟**

كرېدىت كارتىسى يىتىپ كەتسە ياكى ئوغرىلانسا، دەرھال يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش كېرەك. ھازىر ئېلىمىزدىكى زور كۆپ قىسىم بانكىنىڭ كرېدىت كارتىسىنى باشقۇرىدىغان نىزاملىرى بويىچە يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن سودا خەۋپ-خەتىرىنى كارتىنىڭ ئەسلىي ئىگىسى زىممىسىگە ئالىدۇ. بۇ ئاساسلىقى يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتىن بۇرۇن كرېدىت كارتىسىنىڭ ئوغرىلىقچە ئىشلىتىلگەن ياكى ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىدىن بولىدۇ، يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان ئىستېمالغا كارتىنىڭ ئەسلىي ئىگىسى مەسئۇل بولمايدۇ. شۇڭا كرېدىت كارتىسى يىتىپ كەتكەن ياكى ئوغرىلانغاندا يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش رەسمىيىتىنى دەرھال بېجىرمىسە، پەيدا بولغان قەرز قايتۇرۇش ياكى قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش خاتىرىسى كارتىنىڭ ئەسلىي ئىگىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىدۇ. قانۇنىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، كارتا ئىگىسىنىڭ كرېدىت كارتىسىنى ياخشى ساقلاش مەجبۇرىيىتى بار بولۇپ، مۇرەككەپرەك مەخپىي نومۇر سېلىش كېرەك. مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، كرېدىت كارتىسى يىتىپ كەتسە ياكى ئوغرىلانسا، دەرھال يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا كرېدىت كارتىسى ئوغرىلىقچە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن بانكىنىڭ ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، دەرھال بانكا بىلەن ئالاقىلىشىپ كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

**176. «ئۆچەككە كىرگەن كارتا» ئىناۋەت خاتىرىڭىزگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟**

ئۆچەككە كىرگەن كارتىنىڭ نامىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئاساسلىقى

كارتا ئىگىسى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويۇپ، ئۆچەككە كىرىش ھالىتىدە تۇرغان بانكا كارتىسىنى كۆرسىتىدۇ. سىز ئۇنىڭ ييللىق ھەققىنى تاپشۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسىڭىز، ئۆچەككە كىرگەن كارتا ئىناۋەت دوكلاتىڭىزدا سەلبىي خاتىرە پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

ھەر بىر بانكا كارتىسىنىڭ ياساش تەننەرخى بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلغان ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بانكا كارتىسى ئىسچوتى بارلىققا كېلىدۇ، بانكا بۇنىڭ ئۈچۈن سانلىق مەلۇماتنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۇچۇرنى ئاسراش قاتارلىق بەدەللەرنى تۆلەيدۇ. پۇل مۇئامىلە بايلىقى ئىسراپ بولۇش بىلەن بىللە، ئىشلەتمەي تاشلاپ قويۇلغان نۇرغۇن بانكا كارتىسى كارتا ئىگىسىنىڭ يوشۇرۇن يۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ، چۈنكى ئىسچوتىنى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋەتمىگەن بانكا كارتىسى ئۈچۈن بىر قىسىم بانكىلار ييللىق ھەق ئالىدۇ. ئەگەر كارتا ئىگىسى ييللىق ھەقنى ۋاقتىدا تۆلىمىسە، قەرز بولغان ئالاقىدار ھەق ئۇچۇرى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىغا خاتىرىلىنىپ، شەخسنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەسكەرتىش: ھەميانىڭىزدا ئىشلەتمەي تاشلاپ قويغان بانكا كارتىسى بارمۇ - يوق؟ ئەگەر بار بولسا دىققەت قىلىڭ. چۈنكى، بۇنداق ئۆچەككە كىرگەن كارتا پۇل بۇزۇپلا قالماستىن، يەنە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىڭىزغا زۆرۈر بولمىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**177. ييللىق ھەققە قەرز بولۇش خاتىرىسى نېمە ئۈچۈن كىرېدىت كارتىسى ھېسابتىن ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنە شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؟**

كىرېدىت كارتىسى بار ئادەمنىڭ ييللىق ھەققىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلىق ھەرىكىتى كېلىشىمگە خىلاپ بولۇپ، كارتا تارقاتقان بانكا بۇنى سەلبىي خاتىرە قىلىپ جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا يوللايدۇ ھەمدە بىر مەزگىلگىچە ساقلايدۇ. شۇڭا، ئىناۋەت كارتىسى ھېسابتىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ ييللىق

ھەققە قەرز بولۇش خاتىرىسى يەنە بىر مەزگىلگىچە ساقلىنىدۇ.

ماھارەت: ئەگەر كىرېدىت كارتىسىنىڭ يىللىق ھەققە قەرز بولۇشى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا سەلبىي خاتىرىنى پەيدا قىلسا، دەرھال يىللىق ھەققىنى تۆلۈۋېتىپ، ئۇ كىرېدىت كارتىسىنى ھېسابتىن ئۆچۈرۈۋەتمەي، داۋاملىق ئىككى يىل نورمال ئىشلەتسە، يىللىق ھەققە قەرز بولۇشنىڭ سەلبىي خاتىرىسى ئىناۋەت دوكلاتىدىكى 24 ئايدىكى قەرز قايتۇرغانلىق ئەھۋالىدا قايتا كۆرۈلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كارتا ئىگىسى يەنە يانفون قىسقا ئۇچۇرىنى ئاچتۇرسا، يانفوننىڭ قىسقا ئۇچۇر شەكلىدىكى ھېساب سېلىشتۇرۇش تالونىدىن قايتۇرىدىغان قەرز سومما، قايتۇرىدىغان كۈن قاتارلىق ئۇچۇرنى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تور بانكا كەسپىنى ئاچتۇرسا، ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپمۇ توردا مېمورىيال قىلىش كەسپى ئارقىلىق قەرزنى تولۇق، ۋاقتىدا قايتۇرالايدۇ.

## 178. A بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلنى B بانكىنىڭ پوكىيىدە قايتۇرسا بولامدۇ؟

بولىدۇ. بۇ ئىككى بانكا مەيلى بىر شەھەردە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، B بانكىنىڭ پوكىيىدە A بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلنى قايتۇرسىڭىز بولىدۇ، سىز A بانكىنىڭ كىرېدىت كارتىسىنى ئىشلىتىپ بىر ئاددىي بانكا پېرېۋوت رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئارقىلىق ئالغان قەرز پۇلنى قايتۇرسىڭىز بولىدۇ، بىراق B بانكىنىڭ پوكىيىدە A بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلنى قايتۇرسىڭىز بەلگىلىك رەسمىيەت ھەققى تۆلەيسىز، قايتۇرغان قەرز پۇلنىڭ ھېسابقا كىرگۈزۈلۈش ۋاقتىمۇ ھەر قايسى بانكىلارنىڭ مۇئامىلىدارلارغا بەرگەن ۋەدىسى ئاساس بولىدۇ. شۇڭا، سىز بۇ كەسپنى بىر نەچچە كۈن بۇرۇنراق بېجىرىپ، مەبلەغنىڭ ۋاقتىدا A بانكىدىكى ئىسچوتىڭىزغا ئاغدۇرۇلماي قېلىپ، قەرەلنى ئۆتكۈزۈۋېتىش پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىڭ.

قوشۇمچە (1)

# شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1-ماددا: پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقىنى قوغداش، سودا بانكىسىنىڭ كرېدىت خەۋپ-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۆۋەنلىتىپ، شەخسىي كرېدىت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە قانۇنلۇق ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بانكا قانۇنى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملارغا ئاساسەن بۇ چارە بېكىتىلدى.

2-ماددا: جۇڭگو خەلق بانكىسى سودا بانكىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى دېيىلىدۇ) نى تەشكىللەپ قۇرۇشغا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ نورمال ئىشلىتىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىنى زىممىسىگە ئالىدۇ.

3-ماددا: شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى يىغىپ، رەتلەپ، ساقلاپ، سودا بانكىسى ۋە شەخسنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ،

پۇل سىياسىتى ئۈچۈن پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قا-نۇن-نىزاملىرىنى تۈزۈش ۋە باشقا ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

4-ماددا: بۇ چارىدە دېيىلگەن شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى شەخسنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرى، شەخسنىڭ كرېدىت سودا ئۇچۇرى، شۇنداقلا شەخسنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىدىغان باشقا ئۇ-چۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەن شەخسنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرى بولسا قانۇنىي ئىگىنىڭ سالاھىيىتىنى ئايرىش ئۇچۇرى، كەسپى ۋە ئولتۇراق ئادرېسى قاتارلىق ئۇچۇرنى كۆرسىتىدۇ، شەخسنىڭ كرېدىت سودا ئۇچۇرى بولسا سودا بانكىسى تەمىنلىگەن قانۇنىي ئىگىنىڭ شەخسىي قەرز ئې-لىش، كرېدىت كارتىسى، غەيرىي كرېدىت كارتىسى بېجىرىش ۋە كېپىل بولۇش قاتارلىق ئىناۋەت پائالىيەتلىرىدە شەكىللەنگەن مۇئامىلە ئۇچۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شەخسنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئىنكاس قى-لىدىغان باشقا ئۇچۇرلار كرېدىت پائالىيەتلىرىدىن باشقا شەخسنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان باشقا ئۇچۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

5-ماددا: جۇڭگو خەلق بانكىسى، سودا بانكىسى ۋە ئۇنىڭ خىز-مەتچى خادىملىرى خىزمەت جەريانىدا ئېرىشكەن شەخسنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنىڭ مەخپىيەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## ئىككىنچى باب يوللاش ۋە رەتلەش

6-ماددا: سودا بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسى ئېلان قىلغان شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە مۇناسىۋەت-لىك تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشى، شۇنداقلا شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا شەخسنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنى توغرا، مۇكەممەل، ۋاقتىدا يوللاپ بېرىشى كېرەك.

**7ـماددا:** سودا بانكىسى كىرىدىت ئىناۋەت ئۇچۇرىنى باشقۇرغۇ-
چى تارماقلار تەستىقسىز قۇرۇلغان ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا قۇ-
رۇلغان شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى
شەخسىنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىمەسلىكى كېرەك.

**8ـماددا:** شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى
مۇكەممەل بولغان قائىدە-تۈزۈمنى تۇرغۇزۇش ۋە ئىلغار تېخنىكىلىق
ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنىڭ بىخە-
تەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**9ـماددا:** شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى
ھاسىل بولغان شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن،
سودا بانكىسى يوللىغان شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئوبيېكتىپ ھالدا
رەتلىشى، ساقلىشى، ئەسلىدىكى سانلىق ئاساسلارنى خالىغانچە ئۆزگەر-
تىۋەتمەسلىكى لازىم.

**10ـماددا:** شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى
سودا بانكىسى يوللىغان ئۇچۇرلاردىن گۇمانلانغان ۋاقىتتا، مۇناسىۋەت-
لىك بەلگىلىمىنىڭ تەرتىپى بويىچە سودا بانكىسىغا قايتا تەكشۈرۈش
ئۇقتۇرۇشى چىقىرىشى لازىم. سودا بانكىسى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋال-
غاندىن كېيىن بەش خىزمەت كۈنى ئىچىدە جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك.

**11ـماددا:** سودا بانكىسى يوللىغان ئۇچۇرنىڭ توغرا بولمىغانلىقى-
نى سەزگەندە، شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە
ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشى، شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت
مەركىزى خاتالىقنى تۈزىتىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن
دەرھال تۈزىتىشى لازىم.

## ئۈچىنچى باب سۈرۈشتۈرۈش

**12ـماددا:** سودا بانكىسى تۆۋەندىكى كەسىپلەرنى بېجىرگەندە،
شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن شەخسىي ئىناۋەت

دوكلاتىنى سۇرۇشتۇرسە بولىدۇ:
(1) شەخسنىڭ قەرز ئېلىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا؛
(2) شەخسنىڭ كرېدىت كارتىسى، غەيرىي كرېدىت كارتىسى بېجىرىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا؛
(3) شەخسنىڭ كېپىل بولۇش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا؛
(4) تارقىتىلغان شەخسىي قەرزگە قارىتا قەرز بەرگەندىن كېيىنكى خەۋپ-خەتەرنى باشقۇرغاندا؛
(5) قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قەرز ئېلىش ياكى كېپىل بولۇش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا، ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ياكى مەبلەغ چىقارغۇچىسىنىڭ ئىناۋەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كەلگەندە.
13-ماددا: بۇ چارىنىڭ 12-ماددا 4-تارمىقىدىكى بەلگىلىمىدىن سىرت ئەھۋاللاردا، سودا بانكىسى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، چوقۇم سۈرۈشتۈرگۈچى شۇ شەخسنىڭ يازما ماقۇللىقىنى ئېلىشى كېرەك، بۇنداق يازما ماقۇللۇق قەرز ئېلىش، كرېدىت كارتىسى، غەيرىي كرېدىت كارتىسى بېجىرىش، كېپىل بولۇش ئىلتىماسىغا مۇناسىپ ماددىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئېرىشىلسە بولىدۇ.
14-ماددا: سودا بانكىسى قەرزدىن كېيىنكى خەۋپ-خەتەرنى باشقۇرۇشتىكى شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئىچكى ھوقۇق بېرىش تۈزۈملىرى ۋە سۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇش تەرتىپىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم.
15-ماددا: شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى شەخسنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، شۇ شەخسكە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن ھەقلىق تەمىنلىسە بولىدۇ.

شەخسىي ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى مۇناسىپ بىر
تەرەپ قىلىش تەرتىپلىرىنى تۈزۈپ، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ سالاھىيە-
تىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشى لازىم.

## تۆتىنچى باب   باشقىچە پىكىردە بولۇشنى بىر تەرەپ قىلىش

16-ماددا: شەخسلەر ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىدا خاتا-
لىق (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ باشقىچە پىكىردە بولغان ئۇچۇر دېيىلىدۇ)
بار دەپ قارىسا، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ
ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ياكى بىۋاسىتە شەخسىي
ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە باشقىچە پىكىردە بولۇش
ئىلتىماسىنى سۇنسا بولىدۇ.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تار-
مىقى باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن،
ئىككى خىزمەت كۈنى ئىچىدە باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى ئى-
ناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم.

17-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى باشقىچە
پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىككى خىزمەت
كۈنى ئىچىدە ئىچكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى باشقىچە پىكىردە بولغان
ئۇچۇرنىڭ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئۇچۇرلىرىنى بىر
تەرەپ قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەنلىكىنى بايقىسا، دەرھال تۈزىتىشى
ھەمدە شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئۇچۇرلىرىنى بىر تە-
رەپ قىلىش تەرتىپى ۋە مەشغۇلات قائىدىسىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى
تۈزىتىشى لازىم.

18- ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى شەخسىي

ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا مەسىلە كۆرۈلگەنلىكىنى بايقىمىسا، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەن سودا بانكىسىغا تەكشۈرۈش توغرىسىدا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك.

19\-ماددا: سودا بانكىسى تەكشۈرۈش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئون خىزمەت كۈنى ئىچىدە ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن يازما جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم. باشقىچە پىكىردە بولغان ئۇچۇردا ھەقىقەتەن خاتالىق بارلىقى سېزىلسە، تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك:

(1) ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە توغرىلانغان ئۇچۇرنى يوللىشى لازىم؛

(2) شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى يوللاش تەرتىپلىرىنى تەكشۈرۈشى كېرەك؛

(3) شۇنىڭدىن كېيىن يوللانغان باشقىلارنىڭ شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى تەكشۈرۈش، خاتالىق بايقالغانلىرىنى تۈزىتىپ قايتا يوللاش لازىم.

20\-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى قايتىدىن يوللىغان توغرا ئۇچۇرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئىككى خىزمەت كۈنى ئىچىدە تۈزىتىشى كېرەك.

باشقىچە پىكىردە بولغان ئۇچۇردا ھەقىقەتەن خاتالىق بارلىقى بېكىتىلگەن، بىراق تېخنىكىلىق سەۋەبلەردىن ۋاقتىنچە تۈزىتىشكە مۇمكىن بولمىغانلىرىنى ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى باشقىچە پىكىردە بولغان باشقا ئۇچۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، باشقىچە پىكىردە بولغان ئۇچۇرغا قارىتا ئالاھىدە ئەسكەرتىش قىلىشى لازىم.

21\-ماددا: تەكشۈرۈش ئارقىلىق باشقىچە پىكىردە بولغان ئۇچۇردا خاتالىق بارلىقىنى بېكىتكىلى بولمىسا، ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى سۇنغان

شەخسنىڭ تەلىپى بويىچە شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.
22-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى باشقىچە بېكىتىلگەن بولسا، كۆپ ئېغىز قىلىپ بولۇشقا بولمايدۇ، 15 خىزمەت كۈنى ئىچىدە باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى سۇنغان شەخس ياكى باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى يوللىغان جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا يازما جاۋاب بېرىشى كېرەك. باشقىچە پىكىردە بولغان ئۇچۇردىكى خاتالىق تۈزىتىلگەنلىرىگە قارىتا، ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى بىرلا ۋاقىتتا توغرىلانغاندىن كېيىنكى ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلىشى لازىم.
23-ماددا: باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى يوللىغان جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقى خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ يازما جاۋابى ۋە توغرىلانغاندىن كېيىنكى ئىناۋەت دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىككى خىزمەت كۈنى ئىچىدە باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى سۇنغان شەخسكە يەتكۈزۈشى كېرەك.
24-ماددا: تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە مۇمكىن بولمىغان باشقىچە پىكىردە بولۇش ئۇچۇرىغا قارىتا، ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى سۇنغان شەخسنىڭ خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 100 خەتتىن ئېشىپ كەتمىگەن شەخسىي باياناتىنى ئېلان قىلىشىغا يول قويۇشى لازىم، شەخسىي باياناتتا باشقىچە پىكىردە بولغان ئۇچۇرغا مۇناسىۋەتسىز مەزمۇنلار بولماسلىقى، باشقىچە پىكىردە بولۇش ئىلتىماسىنى سۇنغان شەخس شەخسىي باياناتىنىڭ ھەقىقىيلىكىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.
ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى شەخسىي باياناتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ياخشى ساقلىشى ھەمدە شەخسىي باياناتنى باشقا

چە پىكىردە بولغان شەخسىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا كىرگۈزۈشى لازىم.

25-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى باشقىچە پىكىردە بولغان ئۇچۇرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش مەزگىلىدە تۇرغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

## بەشىنچى باب بىخەتەر باشقۇرۇش

26-ماددا: سودا بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئىناۋەت ئۇچۇرىنى يوللاش، سۈرۈشتۈرۈش، ئىشلىتىش، باشقىچە پىكىردە بولغانلىقىنى بىر تەرەپ قىلىش، بىخەتەر باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتتە ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ۋە مەشغۇلات تەرتىپىنى تۈزۈشى ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم.

27-ماددا: سودا بانكىسى ئابۇنىچىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، باشقۇرغۇچى ئابۇنىچى، سانلىق مەلۇمات يوللىغۇچى ئابۇنىچى ۋە ئۇچۇرنى سۈرۈشتۈرگۈچى ئابۇنىچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەشغۇلات تەرتىپىنى ئېنىق بېكىتىشى كېرەك.

سودا بانكىسىنىڭ باشقۇرغۇچى ئابۇنىچى، سانلىق مەلۇمات يوللىغۇچى ئابۇنىچى ۋە ئۇچۇرنى سۈرۈشتۈرگۈچى ئابۇنىچى بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۆزئارا قوشۇپ ئۆتەشكە بولمايدۇ.

28-ماددا: سودا بانكىسىنىڭ باشقۇرغۇچى ئابۇنىچىلىرى مەشغۇلات تەرتىپى بويىچە مۇناسىۋەتلىك ھوقۇققا ئېرىشكەن خادىمغا قارىتا مۇناسىپ ئابۇنىچى قۇرۇشى لازىم. باشقۇرغۇچى ئابۇنىچىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى بىۋاسىتە سۈرۈشتۈرۈشكە بولمايدۇ.

باشقۇرغۇچى ئابۇنىچى تەڭ دەرىجىلىك سانلىق مەلۇمات يوللىغۇچى ئابۇنىچى ۋە ئۇچۇرنى سۈرۈشتۈرگۈچى ئابۇنىچىغا بولغان كۈندىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. سۈرۈشتۈرگۈچى ئابۇنىچى

يۆتكىلىپ كەتسە، بۇ ئابونىچىنى ئىشلىتىشنى توختىتىشى كېرەك.

29-ماددا: سودا بانكىسىنىڭ باشقۇرغۇچى ئابونىچى، سانلىق مە-
لۇمات يوللىغۇچى ئابونىچى ۋە ئۈچۈرنى سۈرۈشتۈرگۈچى ئابونىچىلە-
رنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تار-
ماقلىرى ۋە ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە يوللاپ ئەنگە
ئالدۇرىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى ئابونىچىلاردا ئۆزگىرىش بولسا، سودا بانكىسى
ئىككى خىزمەت كۈنىدە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرى-
لەشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت پونى-
كىتىغا ئۆزگەرتىشنى ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

30-ماددا: سودا بانكىسى باشقۇرغۇچى ئابونىچىلىرى ۋە سۈ-
رۈشتۈرگۈچى ئابونىچىلىرىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى تىزگىنلەش تۈزۈمى-
نى تۇرغۇزۇپ، مەخپىي نومۇرنى تىزگىنلەش تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلى-
نىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈشى لازىم.

31-ماددا: سودا بانكىسى شەخسىي ئىناۋەت ئۈچۈرىنىڭ بىخەتەر
باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق بېرىلگەن
خادىملارنىڭلا شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن ئۇچرىشىشىغا كاپالەت-
لىك قىلىشى كېرەك، شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى بۇ چارىنىڭ
12-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جايدىن باشقا ھېچقانداق يەرگە ئىشلىتىشكە
بولمايدۇ.

32-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى ئىناۋەت
ئۈچۈرىنى يىغىش، رەتلەش، ساقلاش، سۈرۈشتۈرۈش، باشقىچە پىكىر-
لەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئابونىچىلارنى باشقۇرۇش، بىخەتەر باشقۇ-
رۇش جەھەتتىكى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەشغۇلات تەرتىپىنى بېكى-
تىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىپ، ئىچكى كونتروللاش
تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئام-
بىرىنىڭ نورمال ئىشلىشى ۋە شەخسىي ئىناۋەت ئۈچۈرىنىڭ بىخەتەرلى-
كىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

33-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ قانۇن - نىزاملار ۋە بۇ چارىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىگە، بۇزۇۋېتىشىگە، ئاشكارىلىۋېتىشىگە ۋە قانۇنسىز ئىشلىتىشىگە، شەخسلەر، قانۇنى ئىگە، باشقا تەشكىلاتلار بىلەن يامان غەرەزدە تىل بىرىكتۈرۈپ، ساختا ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلىشىگە بولمايدۇ.

34-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەش ئەھۋالى، تاشقى جەھەتتە مۇلازىمەت قىلىش، نازارەت قىلىش ۋە كونترول قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئابۇنىچىلىرى ۋە سودا بانكىسىنىڭ ئابۇنىچىلىرىنىڭ مەشغۇلاتىنى نازارەت قىلىپ، شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا قانۇنسىز تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

35-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى زاپاس ساقلاش سىستېمىسى قۇرۇپ، زۆرۈر بىخەتەرلىك كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، سىستېمىدىكى سانلىق مەلۇماتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

36-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى سودا بانكىسى ئېلىپ بارغان بارلىق تەكشۈرۈشلەرنى خاتىرىلەيدۇ ھەمدە ۋاقتىدا سودا بانكىسىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

37-ماددا: سودا بانكىسى شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ سۈرۈشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ، بارلىق سۈرۈشتۈرۈشنىڭ بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە جۇڭگو خەلق بانكىسى ۋە ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە سۈرۈشتۈرۈشنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يوللىشى كېرەك.

ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى سودا بانكىسىنىڭ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى سورۇشتۇرۇش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈشى لازىم.

## ئالتىنچى باب جازالاش

38-ماددا: سودا بانكىسى بۇ چارىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە مۇناسىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەشغۇلات تەرتىپلىرىنى بېكىتمىسە، جۇڭگو خەلق بانكىسى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ تۈزەتمىسە، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ ھەم 30 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويىدۇ.

39-ماددا: سودا بانكىسىدا تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلسە، جۇڭگو خەلق بانكىسى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، جىنايەتكە چېتىلسا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ.

(1) بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنى توغرا، مۇكەممەل، ۋاقتىدا يوللىمىسا؛

(2) بۇ چارىنىڭ 7-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا؛

(3) ھوقۇقتىن ھالقىپ شەخسىي ئىناۋەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى سورۇشتۇرسە؛

(4) سورۇشتۇرۇش نەتىجىسىنى بۇ چارىدە بەلگىلەنگەن جايدىن باشقا جايغا ئىشلىتىش مەقسىتىدە بولسا؛

(5) باشقىچە پىكىردە بولۇشنى بىر تەرەپ قىلىش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلسا؛

(6) بۇ چارىدىكى بىخەتەر باشقۇرۇش تەلىپىگە خىلاپلىق قىلسا.

40-ماددا: سودا بانكىسىدا بۇ چارىنىڭ 38-ماددىسىدىن 39-ماددىسىغىچە بولغان بەلگىلىمىدىكى ئەھۋالدىن بىرى كۆرۈلسە، جۇڭگو خەلق بانكىسى سودا بانكىسىغا بىۋاستە مەسئۇل مۇدىر، ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ۋە باشقا بىۋاستە مەسئۇل خادىملارغا ئىنتىزام جازاسى بېرىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. جىنايەتكە چېتىلسا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش تەكلىپىنى بېرىدۇ.

41-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مەركىزىنىڭ خىزمەتچىلىرىدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلسە، جۇڭگو خەلق بانكىسى مەمۇرىي جازا بېرىدۇ، جىنايەتكە چېتىلسا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

(1) بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، شەخسلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىنى بۇزۇۋەتسە، يوقىتىۋەتسە، ئاشكارىلاپ قويسا ۋە قانۇنسىز ئىشلەتسە؛

(2) پۇقرالار، قانۇنىي ئىگە، باشقا تەشكىلاتلار بىلەن يامان غەرەزدە تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ساختا ئىناۋەت دوكلاتى بىلەن تەمىنلىسە.

42-ماددا: جۇڭگو خەلق بانكىسى خىزمەتچىلىرى بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىلىدۇ، جىنايەتكە چېتىلسا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

## يەتتىنچى باب قوشۇمچە پىرىنسىپ

43-ماددا: بۇ چارىدە دېيىلگەن سودا بانكىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرا ئىچىدە قۇرۇلغان سودا بانكىسى، شەھەر ئامانەت-قەرز كوپېراتىپ بىرلەشمىسى، يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپ

بىرلەشمىسى، شۇنداقلا گوۋۇيۇەنىنىڭ بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەستىقلىغان، مەخسۇس كىرىدىت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**44-ماددا:** بۇ چارىنى چۈشەندۈرۈشكە جۇڭگو خەلق بانكىسى مەسئۇل بولىدۇ.

**45-ماددا:** بۇ چارە 2005-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## قوشۇمچە (2)

# شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى ئۆزى سورۇشتۇرۇش قائىدىسى

1-ماددا: شەخسنىڭ جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىدىن ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىغا ئېرىشىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، «شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن بۇ قائىدە تۈزۈپ چىقىلدى.

2-ماددا: شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سورۇشتۇرۇشتا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شۇ يەرلىك تارماق بانكىسىدىكى ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ياكى بىۋاسىتە ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سورۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى يازما ئىلتىماسىنى تاپشۇرسا بولىدۇ.

3-ماددا: شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتىنى سورۇشتۇرۇش ئىلتىماسىنى تاپشۇرغاندا، «شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى ئۆزى سورۇشتۇرۇش ئىلتىماس جەدۋىلى»نى تولدۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتلىرىنى تەكشۈرتۈشى، شۇنداقلا ئارخىپتا ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تەييارلاپ بېرىشى كېرەك.

ئىلتىماس قىلغۇچى ئۈنۈملۈك سالاھىيەت ئىسپاتلىرى بىلەن تەمىنلىيەلمىسە، ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ياكى ئىنا-

ۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى ئۇ شەخسنىڭ ئىلتىماسىنى قو-
بۇل قىلمايدۇ.

4-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى بەش خىزمەت كۈنى ئىچىدە «سوروشتۇرۇش ئىلتىماس جەدۋىلى»نى «شەخسىي ئىناۋەت دوكلاتىنى ئۆزى سوروشتۇرۇش ئىلتىماسىنى تىزىملاش جەدۋىلى»گە تىزىملىشى، شۇنداقلا سوروشتۇرۇش ئىلتىماسىنى تىزىملاش جەدۋىلىنى شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشنى بىر تەرەپ قىلىش مەخسۇس ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى ئارقىلىق ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىگە يوللاپ بېرىشى لازىم.

5-ماددا: ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى سوروشتۇرۇش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى 10 خىزمەت كۈنى ئىچىدە مەخسۇس ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى ئارقىلىق سوروشتۇرۇش نەتىجىسىنى يوللاپ، سوروشتۇرۇش ئىلتىماسى سۇنغان ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ يەتكۈزۈشىگە تاپشۇرۇشى ياكى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىدىن ئېلىۋېلىشنى بىۋاسىتە ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقى ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزى يوللىغان سوروشتۇرۇش نەتىجىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئېلىۋېلىشنى ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇشى لازىم.

6-ماددا: شەخسلەرنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى سوروشتۇرۇشنى باشقۇرۇشتا «شەخسىي ئىناۋەت ئۇچۇرى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئىناۋەت خاتىرىلەشنى باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ئىناۋەت خاتىرىلەش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىدىكى شەخسنىڭ بىۋاسىـ

تە تەمىنلىگەن سۇرۇشتۇرۇش ئىلتىماسى سالاھىيەت ئىسپاتلىرىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولىدۇ.

7-ماددا: ئىناۋەت دوكلاتىنى سۇرۇشتۇرۇشكە قارىتا ھەق ئېلىش-نى باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىناۋەت خاتىرى-لەش مۇلازىمەت مەركىزى شەخسلەرنى ئۆزىنىڭ ئىناۋەت دوكلاتى بى-لەن تەمىنلىگەندە، ۋاقتىنچە ھەق ئالمايدۇ.

8-ماددا: بۇ چارىنى چۈشەندۈرۈشكە جۇڭگو خەلق بانكىسى مەسئۇل بولىدۇ.

9-ماددا: بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

策　　划：依不拉音·赛曼
组　　稿：阿不来提·居吗　土普热克
责任编辑：
责任校对：吐尔逊古力·卡斯木
封面设计：海米旦·赛达力木

有效利用融资的技巧

百姓征信知识问答（维吾尔文）

克力木江·阿不力孜　编

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐市隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　6.125印张
2010年10月第1版　2010年10月第1次印刷
印数：1—3000册

ISBN 978-7-5466-0503-6（民文）定价：18.00元



ISBN 978-7-5466-0503-6

9 787546 605036 >

定价：18.00元